# رسالة شيخ الإسلام ابن تيمية عند مداهمة المغول لديار المسلمين

## شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلار دىيارلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشى توغرىسىدىكى رىسالىسى

دوكتور مەجد خەلفە بۇ رىسالىگە بېغىشلىما

يازغان ۋە مەزمۇننى بېيىتقان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇللاھ

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 2
موغۇللار كىم؟ ........................................ 7
باغداتنىڭ قولدىن كېتىشى ........................................ 8
«ئەينىجالۇت» ئۇرۇشى ........................................ 11
موغۇللارنىڭ شامغا قايتا ھۇجۇم قىلىشى ........................................ 14
ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ۋە موغۇللار ........................................ 18

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بىرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. دۇرۇت سالاملار ئۇ زاتنىڭ پاك ئائىلىسىگە ۋە ياخشى ساھابىلىرىگە بولسۇن!

اللە تائالا باغداتتا ئىككى قېتىم قىرغىنچىلىق بولۇشىنى تەقدىر قىلدى. بىرىنچى قېتىملىقى، ھىجرىيە 7- ئەسىردە، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ھىجرىيە 656- يىلى موڭغۇللارنىڭ قولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

ئىبنى ئەقلەمى دېگەن رافىزىي ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئابباسىيە خەلىپىلىكىگە ئاداۋىتى بار كىشىلەر موڭغۇللارنىڭ شۇ قىرغىنچىلىقىغا ياردەملەشكەن ئىدى. مانا بۈگۈن باغداتتا «ھازىرقى زامان موڭغۇللىرى» ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان يېڭى رافىزىي، سەفەۋىي دەۋەتچىلىرىنىڭ قولىرى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلماقتا. بومباردىمان قىلىش

ئىزچىل داۋاملىشىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇنلار باغداتقا كىردى ۋە ئۇ يەردە يەنە بىر قېتىم قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلدى، بۇ قىرغىنچىلىقتا خىلاپەتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى كۆيدۈرۈلۈپ، كۇتۇپخانىلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى؛ ئالىملىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلىرى، دوختۇرلىرى ئۆلتۈرۈلدى؛ ھاكىمىيەت ھۆرمەتلەرنى دەپسەندە قىلىدىغان يالاقچى خائىنلارنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇلدى، ئۇلار ھارام ئىشلارنى مۇباھ ساناپ، باغدات ئەھلىنىڭ ئىخلاسمەن كىشىلىرىدىن ئۇچراتقىنىنى ئۆلتۈردى؛ تارىخ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىپ، ئورۇن ۋە موڭغۇللارنىڭ ئۇسلۇبلىرى ئۆزگەرمىگەن، خائىنلار ئۆزلىرىنىڭ خيانەتلىرىدىن قايتمىغان ئىدى.

كۆپرى سالدى كۆپ زۇلۇم، ئېغىرچىلىق ئىسلامغا،
ئۆچمەنلىكى قەدىمدىن، بەك ئۇزۇندۇر بۇ دىنغا.
زايە بولدى ھەقىقەت سەل قارالغاچ قوغداشقا،
كەستى قىلىچ، ئاقتى قان، تولالمىغاچ دەرمانغا.

سانىسىزلىغان مۇسۇلمان تالان ـ تاراج ئەلەمدە،
مۇسلىمەلەر ھۆرمىتى ھەر يەرلەردە دەپسەندە.
بۇ ھالەتكە چىدىماي قەلب يىغلار ھەسرەتتە،
ئويلاپ قالسا سەبىيلەر ئاق كىرىدۇ چېكىگە.

ئەسىر بولسا ئاياللار قاماقلاردا، زىنداندا،
هايات راھەت بولامدۇ؟ بىر مۇسۇلمان ئىنسانغا!
مەزلۇملارنى قوغدىماق بۇيرۇلغانغۇ قۇرئاندا،
نەدە قالدى ئەي ئەركەك رەب ھەقلىرى شۇئاندا؟

بىلىڭلاركى ھەق مەنسۇپ الله ھەمدە ئىسلامغا،
قوغدىماقتا بۇ ھەقنى قىرى ـ ياشلار جەڭگاھتا.
ئېيتىپ قويغىن! ئاقىللار قايتسۇن ئۇلۇغ الله قا،
گەر خالىسا كۈلۈشنى مەھشەردىكى ھېساپتا.

تارىخ ــــ نەسىھەت ۋە ئىبرەتتۇر. كۈنلەرنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئەسلىتىدۇ. الله تائالا ئۆز بەندىلىرىنى تارىختا نەزەر سېلىشقا ۋە ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە بەزىسىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِكُمْ سُنَنٌ فَسِيرُواْ فِي الأَرْضِ فَانْظُرُواْ كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ﴾ «سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۈممەتلەر كېلىپ كەتتى؛ يەر يۈزىدە سەير قىلىڭلار، (ھەقنى) يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار»[①]. الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَمْ يَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَتَكُونَ لَهُمْ قُلُوبٌ يَعْقِلُونَ بِهَا أَوْ آذَانٌ يَسْمَعُونَ بِهَا فَإِنَّهَا لَا تَعْمَى الْأَبْصَارُ

[①] سۈرە ئال ئىمران 137 ـ ئايەت.

﴿وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾ «ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)»[1].

ھالاك بولۇش ۋە مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغىنىدەك، غەلىبە قىلىش، ئىززەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەت تېپىش سەۋەبلىرىمۇ ئوچۇق ـ ئاشكارىدۇر. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ «ئەينىجالۇت»[2] دېگەن ئورۇندا موڭغۇللار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىش سەۋەبلىرىنى ھازىرلىغاچقا موڭغۇللار ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىم ۋە ئەمىرلىرى بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزئارا بىرلەشكەن. ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك سەۋەب شۇكى، ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ۋە ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرىدىن مۇزەپپەر قۇتۇز، زاھىر بىبىرس ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىر پىكىر ئۈستىگە بىرلەشكەن. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىپ، الله تائالا دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بەربات قىلغان، ئۇلار شام ۋە مىسىر دىيارلىرىدا

[1] سۈرە ھەج 46 ـ ئايەت.
[2] شام زېمىنىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىگەن. بىز بۈگۈن ئوقۇرمەنلەرگە سۇنمىدىغان بۇ رىسالە ــ مۇسۇلمانلار دىيارىدىن موڭغۇللارنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئالىملار بىلەن ئەمىرلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ ئۈلگىلىك نەمۇنىسىدۇر.

مەزكۇر رىسالىدە ــ شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ شۇ دەۋر ئەمەلىي رېئاللىقىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدىكى ۋەقەلىكلەرگە سېلىشتۇرغان توغرا تەھلىلى ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى چوڭ دەرسلەر بار. ئى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) تەسۋىرلەپ بەرگەن شۇ دەۋر رېئاللىقى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشلا سىزگە يېتەرلىكتۇر. بۇ يەردە ھەقىقىي ئەركەكلەرنىڭ ئالىيجانابلىق روھى نامايەن بولىدۇ، ئۇلار ئۆز زامانىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەر زامانغا ماس ئۈلگىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەن ھېس قىلغاندەك، ئوقۇرمەنمۇ ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ)نى خۇددى بىزنىڭ زامانىمىز توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندەك يەنى ئامېرىكىنىڭ مۇسۇلمانلار دىيارلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشى ھەققىدىكى كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرى ۋە سۆزلىرىنى سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. گەرچە بۇ دەۋردىكى تاجاۋۇزچىلار بىلەن شۇ دەۋردىكى تاجاۋۇزچى كاپىرلار ۋە قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەن ئورۇن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بىز شۇ دەۋردىكى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرغان ئەركەكلەرنىڭ ئوخشىشىنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە كۆرەلمەيۋاتىمىز،

ئالىملارنىڭ پەتىۋالىرىنى ۋە ئەمىرلەرنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ئاڭلىمايۋاتىمىز.

## موڭغۇللار كىم؟

موڭغۇللار خىتاي مەملىكىتى ئەتراپىدا ياشايدىغان بەدەۋىي خەلق بولۇپ، «بەراربي» دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار رەزىللىك ۋە ئالدامچىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەممە ھايۋاناتلارنىڭ، ھەتتا ئىت ۋە توڭگۇزنىڭ گۆشلىرىنىمۇ يەيتتى، يىلان ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا قىزىقاتتى. بەزى تارىخچىلار ئۇلارنى تاتار دەپ ئاتاپ، موڭغۇللار تاتارلارنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ لېكىن موڭغۇللار چىڭگىزخاننىڭ رەھبەرلىكىدە تاتارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىر دۆلەتتە تۇرۇپ بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشقان.

ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە كەلسەك، ئۇلار يۇلتۇزلارغا چوقۇناتتى، قۇياشقا سەجدە قىلاتتى. ئۆزلىرىنى دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چىڭگىزخان (دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى) دەپ ئاتىۋالغان. ئۇلار «ئاسماندا بىر ئىلاھ، زېمىندا بىر ھۆكۈمران بولۇشى كېرەك» دېگەن كۆزقاراش بويىچە ياشايتتى. زېمىندىكى ھۆكۈمران بولسا ئۇلارنىڭ خان دەپ ئاتىۋالغان كىشىسى ئىدى. ئۇلار قەلبلىرىگە ئورناپ كەتكەن بۇ خاتا ئەقىدە ۋە دىنىي ئاداۋىتى ئاساسىدا باشقا خەلقلەرگە ھۇجۇم قوزغايتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇرۇشلار ئەقىدە كۈرىشى ئىدى. ئەجەبلەنمەڭ قېرىندىشىم! سىز بۇ

دەۋردىكى «موڭغۇللار»نىڭ ئىنگلىز ئەقىدىسى ياكى ئۆزلىرىنىڭ يەھۇدىي پرىنسىپلىرىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

چىڭگىزخانىنىڭ خىتايدىكى كېڭەيمىچىلىكى ھىجرىيە 559 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، ھىجرىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا (يەنى ھىجرىيە 612 ـ يىلى) بېيجىڭنى ئىشغال قىلغان، غەرب تەرەپتىكى كېڭەيمىچىلىكىدە ھىجرىيە 607 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ بارغان.

ئەپسۇسكى، ئەسكىرىي قوماندان جەئفەر خوجا، سودىگەر ھەسەن ھاجى قاتارلىق بەزى مۇسۇلمان رەقىبلەر موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينىغان. بەزى تارىخشۇناسلار موڭغۇللارنى باشقىلارنىڭ خەۋەرلىرى ئۇلارغا يېتىپ تۇرىدىغان ئەمما ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى باشقىلارغا يەتمەيدىغان، يات قەۋمدىكى كىشىلەر ئۇلارغا ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ جاسۇسلۇق قىلالمايدىغان، يۈزى كەڭ، كۆزى كىچىك، بۇغداي ئۆڭ كىشىلەر دەپ سۈپەتلىگەن.

# باغداتنىڭ قولدىن كېتىشى

موڭغۇللارنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى بېسىۋېلىشى ھىجرىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان بولۇپ، خارەزىم دۆلىتى موڭغۇللارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن بېسىۋېلىش سۈرئىتى ئاستا بولغان ئىدى. لېكىن، ھىجرىيە 653 ـ يىلى بۇ دۆلەتمۇ قولدىن كەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ قولدىن كېتىشى باغداتنىڭ قولدىن كېتىشىنى تېزلىتىشكە سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى

ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئەڭ قاتتىق ئىغىرچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، ھەتتا دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقىمۇ كۈچى يەتمەيۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ھۇلاكۇ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. موڭغۇللارنىڭ قولى ئارقىلىق باغداتنىڭ قولدىن كېتىشىنى تېزلەتكەن ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ـــ خىلاپەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا قوشۇلۇپ، ئابباسىيە خەلىپىسىگە ياردەم قىلىدىغان خىزمەتچى ۋە ئىچكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشىدۇر. ئابباسىيە خەلىپىسىنىڭ ۋەزىرى ئىبنى ئەلقەمە دۈشمەننىڭ سۇيىقەست ـ پىلانلىرىنى يوشۇرۇن ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن قوشۇنلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەن، ھەتتا باغدات ئەھلى ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە قېتىم پىتنە قوزغىغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمران بولۇشىغا مەخپىي مەسلىھەت بېرىش ئارقىلىق موڭغۇللارنىڭ باغدات شەھىرىگە كىرىشىگە ياردەمچى بولغان.

ھۇلاكۇ بىلەن مۇستەئسىم ئوتتۇرىسىدا تەكرار مەكتۇپ ئەۋەتىلىپ دىپلوماتىك يول ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش تەلەپلىرى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، ھۇلاكۇ باغداتقا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىپ 200 مىڭ لەشكەر بىلەن باغداتقا يۈرۈش قىلغان. ئۆزلىرىنى ئىسلامغا نىسبەت بېرىدىغان بىر توپ كىشىلەرمۇ موڭغۇللارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا ياردەملەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قاتارىدىن پەيلاسوپ نۇسەيرىدىن تۇۋسىي بولۇپ، ئۇ ھۇلاكۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بولغان ۋە ئەمىر شىرازمۇ

موڭغۇللارغا ياردەملەشكەن. ھىجرىيە 656 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا موڭغۇل قوشۇنلىرى باغداتقا يېتىپ كېلىپ، بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا باغداتقا كىرگەن ۋە باغدات ئەھلىدىن ئۆلتۈرەلىگىنىنى ئۆلتۈرگەن. بۇ ئاممىۋى قىرغىنچىلىقتا 800 مىڭ كىشى قەتلى قىلىنغان. قەتلى قىلىنغانلارنى بەزى كىشىلەر بىر مىليون 800 مىڭ كىشى دېسە، يەنە بەزى كىشىلەر 2 مىليون دېگەن. يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت زىممە ئەھلى، بەزى تىجارەتچىلەر ۋە ۋەزىر ئىبنى ئەلقەمەنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالالمىغان. باغدات جەسەتلەرگە توشۇپ كەتكەن بولۇپ، جەسەتلەر يوللاردا دۆڭلەردەك دۆۋىلىنىپ قالغان. جەسەتلەر چىرىپ ھاۋا بۇلغانغاچقا باغداتتا يۇقۇملۇق كېسەل تاراپ، كېسەل سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن.

نۇرغۇن كىشىلەر قۇدۇقلارغا ۋە پاسكىنا سۇ ئازگاللىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇپ، باغداتتا ئەمىنلىك ئېلان قىلىنغاندا ئۇلار خۇددى قەبرىدىكى ئۆلۈكلەردەك ئورنىدىن چىققان، ئاتا ئۆز بالىسىنى تونۇيالمىغان. كېيىن ئۇلارغىمۇ كېسەل يۇقۇپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغان (انا للّٰه وانا اليه راجعون).

باغدات مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن كەتكەندىن كېيىن ھۇلاكۇ باغداتنىڭ ئەمىرلىك ئىشىنى ئەلى باھادىرغا تاپشۇرۇپ، پادىشاھلىق تەمەسىدە يۈرۈۋاتقان ۋەزىر ئىبنى ئەلقەمەنى ئۇنىڭ ۋەزىرى قىلغان، الله تائالا ئىبنى ئەلقەمەنى دۇنيادىلا رەسۋا قىلغان

ئىدى. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَخْزَى﴾ «ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ خار قىلغۇچىدۇر»[1]. ئۇ پادىشاھلىق مەنسىپىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئاچچىق يۇتۇپ، ھەسرەتلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئاندىن ۋەزىرلىككە ئۇنىڭ نىجىس ئوغلى ئولتۇرغان بولۇپ، اللہ تائالا ئۇنىمۇ تېزلا جازالاپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا قوشقان.

باغدات خارابىلىققا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ھۇلاكۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشنى قارار قىلىپ ئەزەربەيجانغا چىقىپ ئۇچىنچى قېتىملىق ھۇجۇم تەييارلىقىنى باشلىغان. ئۇنىڭ ئۇچىنچى باسقۇچتىكى پىلانى بولسا سۇرىيە، پەلەستىن ۋە مىسىرغا ئۇرۇش ئېچىش بولغان.

## «ئەينىجالۇت» ئۇرۇشى

موڭغۇللار شەرق تەرەپكە توختىماستىن ئىلگىرىلەش نەتىجىسىدە ھەلەبنى مۇھاسىرىگە ئالغان. كېيىن ھەلەبمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇلار ھەلەبتىمۇ باغداتتا قىلغان قىرغىنچىلىقنىڭ ئوخشىشىنى ئېلىپ بارغان. ئاندىن كېيىن شام شەھەرلىرى بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن موڭغۇللارنىڭ قوللىرىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ھاما خەلقى تەسلىم بولغان، دەمەشقنىڭ ھاكىمى قېچىپ كېتىپ موڭغۇللار دەمەشققىمۇ كىرگەن. بۇ ۋەقەلىكلەر ھىجرىيە 658- يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

---

[1] سۇرە فۇسسىلەت 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەمەشىق قولدىن كەتكەندىن كېيىن ھۇلاكۇ مىسىرنىڭ ھاكىمى مۇزەپپەر قۇتۇزغا تەھدىت رىسالىسى ئەۋەتكەن. مۇزەپپەر قۇتۇز كەسكىن مەيداندا تۇرۇپ ئالىملار ئارقىلىق كىشىلەرنى جىھادقا چىقىشقا ۋە الله يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا قىزىقتۇرغان. قوشۇنلار دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىشقا تەييار بولۇپ بولغاندىن كېيىن، موڭغۇللارغا قارشى جەڭ ئېچىشنى قارار قىلغان. ھۇلاكۇ دەمەشىقنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا موڭغۇللارنىڭ پادىشاھى بولغان قېرىندىشى مانجۇنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ پادىشاھلىقنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا يۈرۈۋاتقاچقا، يېڭى پادىشاھنى سايلاش ۋە موڭغۇللارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ يىغىلىشىغا بېرىش ئۈچۈن ئۆز ئورنىغا چوڭ ئەمىرلەرنىڭ بىرى بولغان كەتبەگانۇىنى تەيىنلەپ قويۇپ، شامدىن ئايرىلىپ خىتايغا قاراپ يۈرۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كەتبەگانۇغا مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ شامغا يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى مىسىر قوشۇنلىرىغا قارشى ئەۋەتكەن.

ئىككى قوشۇن ھىجرىيە 658- يىلى رامىزاننىڭ 25- كۈنى «ئەينىجالۇت» دېگەن يەردە ئۇچراشتى. جەڭ ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، غەلىبە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئالمىشىپ تۇردى، ئۈچىنچى كۈنى قۇتۇز ئۆز قوشۇنلىرىنى پىدائىي بولۇشقا، قۇربانلىق بېرىشكە ۋە شاھادەتكە قىزىقتۇردى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار شىجائەت بىلەن جەڭ قىلدى. قۇتۇزنىڭ ئارغىماق ئېتى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئۇ يەنىلا قوشۇننىڭ ئارىسىدا ئۆز ئورنىدا

مۇستەھكەم تۇرۇۋاتاتتى. جەڭ قاتتىق ئەۋجىگە چىقىپ، يۈزمۇيۈز تۇرۇپ جەڭ قىلىش ناھايىتى قىزىپ كەتتى. جانلار تەندىن جۇدا بولۇپ، باشلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. قۇتۇز ئەمىرلەرنىڭ ۋە قوشۇنلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ دۈبۈلغىسىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، ئىنتايىن يۇقىرى ئاۋازدا «وااااا إسلاماه» «ۋاي ئىسلامىم» دەپ توۋلىغىنىچە موڭغۇللار توپى تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى.

ئىسلام قوشۇنلىرى ئۆز قوماندانىنىڭ شىر كەبى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، موڭغۇللار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ موڭغۇللارنىڭ سەپلىرىنى بۆلۈپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى ۋە ھەيۋىسىنى سۇندۇردى. كېيىن ئىككى قوشۇن «بىيسان» دېگەن ئورۇندا يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ جەڭ قىلدى، تاغوت كەتبەگانۇىن بۇ جەڭگە ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقان بولۇپ، الله تائالا ئۇنى مەغلۇب قىلىپ ھەقىقەت قىلىچلىرى كاپىرلارنىڭ گەدەنلىرىگە ئۇرۇلدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار كاپىرلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى، قالغانلىرى ئارقىسىنى قىلغان ھالدا قېچىپ كەتتى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شام موڭغۇللاردىن تازىلاندى، موڭغۇللار قاتتىق زىيان تارتتى ۋە ھېچ ئىش قىلىشقا قادىر بولالماي قايتىپ كەتتى.

# موڭغۇللارنىڭ شامغا قايتا ھۇجۇم قىلىشى

ھىجرىيە 699 ـ يىلى، موڭغۇللارنىڭ شامغا قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە (شامدىكى) كىشىلەر قورقۇپ كېتىشتى. ئات ـ ئۇلاغلار قىممەتلىشىپ ھەتتا ھامادىن دەمەشىقكە بارىدىغان ئاتنىڭ ئىجارىسى ئىككى يۈز دەرھەم بولۇپ كەتتى. ناسىر ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ مىسىردىن شامغا كەلدى، ناسىرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ناسىر دەمەشىقكە كەلگەندىن كېيىن «ۋادى خەزىندار» دېگەن جايغا چىقىپ موڭغۇللارغا قارشى جەڭ قىلدى، بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇپ ناسىر قېچىپ كەتتى، بىر بۆلۈك ئەمىرلەر ئۆلتۈرۈلدى، ھايات قالغان ئەسكەرلەر بولسا مىسىرغا قايتىپ كەتتى.

ئاندىن كېيىن موڭغۇللار دەمەشىقكە قاراپ يۈرۈش قىلدى، شۇ سەۋەبتىن يۇرت چوڭلىرى توپلانغان بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ پادىشاھى قازاننىڭ يېنىغا بېرىپ دەمەشىق خەلقىگە ئامانلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئىبنى تەيمىيە بۇ پىكىرگە قاتتىق قارشى تۇرۇپ سۆز قىلدى. الله تائالا ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ بۇ سۆزىنى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرگەن ئىدى. (قازان بۇددىست بولۇپ، ھىجرىيە 694 ـ يىلى 70 مىڭ موڭغۇل بىلەن بىرگە ئىسلامغا

كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغان تۇرۇپمۇ يەنىلا مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى)

شۇنىڭدىن كېيىن بەزى ئەمىرلەر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قەلئەنى موغۇللارغا تاپشۇرۇپ بېرىش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ئۇلارنىڭ بۇ پىكىرگە قارشىلىق بىلدۈرۈپ، قەلئە ئىگىسىدىن قەلئەنىڭ بىر تال تېشىنىمۇ موغۇللارغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. قەلئە ئىگىسى ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ بۇ پىكىرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇ پىكىر مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى چوڭ مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. قازان دەمەشقكە كىردى ۋە دەمەشق مۇنبەرلىرىدە ئۇنىڭ نامى بىلەن خۇتبە ئوقۇلدى. قازان دەمەشق ئەھلىگە سالىدىغان باج-سېلىقنى كۆپەيتتى. كېيىن بىر قىسىم موغۇللار ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئەسىرگە ئېلىش قاتارلىق يامانلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن موغۇللارنىڭ پادىشاھى قازاننىڭ قېشىغا چىقتى لېكىن ئۇلارغا قازان بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. قازان قەلئەنى بويسۇندۇرالمىغاندىن كېيىن ئۆز نائىبى بولاينى 60 مىڭ لەشكەر بىلەن شامدا قالدۇرۇپ قويۇپ ئىراققا قايتىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن موغۇللارنىڭ بىر قىسمى «غەۋر» تەرەپكە بېرىپ ئۇ يەردە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ باردى. ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بولاينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش

توغرىسىدا سۆزلىشىش ئارقىلىق كۆپلىگەن ئەسىرلەرنى قۇتقۇزدى.

بولاي ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى موڭغۇللار مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ شامغا كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەمەشىقتىن چىقىپ كەتتى. دەمەشقتە قوشۇن ۋە قاراۋۇلغا تەۋە بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دەمەشىق خەلقى ئىچىدە شەھەردە كۆزەتچىلىك قىلىش، كېچىدە سېپىل، تام ۋە دەرۋازىلارنىڭ ئۈستىدە قاراۋۇللۇق قىلىش ئۈچۈن قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىش چاقىرىقى قىلىندى. كىشىلەر سېپىل ۋە تاملارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ھەر كېچىسى سېپىل ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ كىشىلەرنى سەۋر قىلىش ۋە جەڭ قىلىشقا قىزىقتۇراتتى، ئۇلارغا جىھاد ۋە رىبات ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى.

دەمەشىق يېڭى بىر ھاياتقا قايتتى، ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى موڭغۇللارنىڭ سارايلىرىنى ئايلىنىپ ھاراق قاچىلىرىنى چاقتى، ئاندىن كېيىن دەمەشىقنىڭ نائىبى ئەفرەم بىلەن بىللە جەبىل ۋە كىسىراۋان ئەھلىنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتى چۈنكى ئۇلار موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەملەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، موڭغۇللاردىن ئالغان ھەممە نەرسىلەرنى ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) قا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئەفرەم دەمەشىقكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قوراللىرىنى دۇكانلىرىغا ئېسىپ قويۇشى ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن دەمەشىقتە ئەسكىرى تەلىمگاھلار قۇرۇلدى. فىقھشۇناس ئالىملار «ئۇممەتكە قىيىنچىلىق كەلگەندە ئۇممەتنى قوغدايدىغان ۋە دۈشمەننىڭ سۈيىقەستلىرىنى قايتۇرالايدىغان كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، ئازادچىلىك ۋاقىتلاردا تەييارلىق قىلىشنى ۋاجىب دەپ قارىغان ۋە ھەرقانداق ئۆتكۈنچى شارائىتتا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان».

ھىجرىيە 700 ـ يىلى سەپەر ئېيىدا موڭغۇللارنىڭ شام دىيارىغا قايتا ھۇجۇم قىلىدىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر تەۋرىنىپ قالدى، سەپەر كىراسى ئۆرلەپ نەرسە ـ كېرەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلەر ئەرزىمەس پۇللارغا سېتىلدى.

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) سەپەر ئېيىنىڭ ئىككىنچى كۈنى مۇسۇلمانلارنى چوڭ مەسجىدكە يىغىپ الله تائالا يولىدا جەڭ قىلىش ۋە مال سەرپ قىلىشقا قىزىقتۇردى ھەمدە ئۇلارنى جىھادتىن قېچىشتىن توستى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىنچىپ ۋەزىيەت مۇقىملاشتى.

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ قىيىن شارائىتتا بۈيۈك ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. شامنىڭ نائىب ئەمىرى بىلەن بىرلىكتە شامدا رىباتتا تۇرۇۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنى مۇستەھكەم تۇرۇشقا ئۈندەپ قەلبلىرىنى خۇش قىلدى ۋە

الله نىڭ مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىق ۋەدىسىنى ئەسلەتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر كىچە قونۇپ ئاندىن دەمەشىققە قايتتى. كېيىن پادىشاھ مۇھەممەد ناسىرنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ مىسىرغا قايتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. شامنىڭ ئەمىرى ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) دىن مىسىرغا بېرىپ مىسىر پادىشاھىدىن ياردەم سوراشنى تەلەپ قىلدى. ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ئۇلاغقا مىنىپ مىسىر پادىشاھىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇنىڭغا الله نىڭ ئازابىنى ئەسلەتتى. ئەگەر ياردەم بېرىشتىن باش تارتسا «شام خەلقى ئۆزلىرىگە ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان باشقا بىر كىشىنى پادىشاھ قىلىپ سايلايدۇ» دەپ تەھدىت سالدى. ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) كىشىلەرنى جىھادقا ۋە غازات قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ مىسىردا سەككىز كۈن تۇردى.

پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشتى، مىسىر قوشۇنلىرى شام تەرەپكە قاراپ ھەرىكەتلەندى. (شامدىكى) مۇسۇلمانلار جەڭگە تەييارلىق قىلدى. موڭغۇللارنىڭ ئىراققا چېكىنگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ ئۇرۇشىغا ئۆزى ئىگە بولدى.

## ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) ۋە موڭغۇللار

كۆپىنچە كىشىلەر ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ

تارقالغان كىتابلىرىغا ئاساسەن، ئۇنى ئالىم، يازغۇچى ۋە مۇپتى دەپ تونۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ هاياتىدىكى ئەمەلىي ئىش-پائالىيەتلىرىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئالىم، يازغۇچى ۋە مۇپتى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە باشقا نۇرغۇن ساهەلەردە ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپىلەرنى قوشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى هەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا لايىقتۇر. ئۇنىڭ قىلىچ بىلەن جىهاد قىلغانلىقى، مۇسۇلمانلارنى سۆزى ۋە ئەمەلىي ئىش-هەرىكەتلىرى بىلەن جىهادقا قىزىقتۇرغانلىقى — ئەنە شۇ ئىش-ئىزلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىبنى تەيمىيە (رەهىمەهۇللاه) جەڭ مەيدانىدا شىجائەتلىك چەۋەندازلار بىلەن بىرگە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. «ئەككا»نى فەتىه قىلغان مەزگىلدە ئىبنى تەيمىيە (رەهىمەهۇللاه) نىڭ جەڭ قىلغىنىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ شىجائىتى ۋە دۈشمەنلەرنى قىرىۋاتقانلىقىدىن هەيران قېلىشقان ئىدى.

بىز بۇگۈن تەقدىم قىلماقچى بولغان بۇ رىسالە پەزىلەتلىك ئالىم ئىبنى تەيمىيە (رەهىمەهۇللاه) نىڭ الله يولىدىكى جىهادىنىڭ ئۈچۈق نامايەندىسىدۇر. مۇناپىقلار ۋە جىهادتىن توسقۇچىلارنىڭ ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشى باشلانغاندىن تارتىپلا ئىبنى تەيمىيە (رەهىمەهۇللاه) كىشىلەر ئارىسىدا پايپىتەك بولۇپ بۇ رىسالىنى يېزىپ كىشىلەرگە بارلىق كۈچ-قۇۋۋەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن موڭغۇللارغا قارشى جىهاد قىلىش مەسلىهەتىنى بەرگەن. ئۇ بەرگەن مەسلىهەتىدە تۆۋەندىكى سۆزنى قىلغان: «ئەگەر مىنى دۈشمەن سېپىدە كۆرسەڭلار، بېشىمدا قۇرئان كۆتۈرۈۋالغان

تەقدىردىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار».

ﷲ تائالا شۇ يىلى موڭغۇللارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇشنى تەقدىر قىلدى. ﷲ تائالا قاتتىق سوغۇقنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئات ۋە تۆگىلىرىنى ھالاك قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان سۇيىقەستلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇردى. بۇ ۋەقەلىكلەر ھىجرىيە 699 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

بۇ رىسالە «مجمع الفتاوى» ناملىق كىتابنىڭ 28 ـ توم 410 ـ ، 467 ـ بەتلىرى ۋە «العقود الدرية» ناملىق كىتابنىڭ 136 ـ ، 191 ـ بەتلىرىدە سۆزلەنگەن بولۇپ، مەنىلىرىنى ئويلىنىش، پايدىلىرى ۋە ئاجايىباتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىمەن.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

بۇ رىسالە قولىغا يەتكەن بارلىق مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا ﷲ تائالانىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن! ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ بولمىغان ﷲ قا چەكسىز ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز. شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا ھەمدۇ-ساناغا تولىمۇ لايىق زاتتۇر، ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ﷲ تائالادىن مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ سۆزۈكى، بەندىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلىشىنى ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

مەقسەتكە كەلسەك، ﷲ تائالا ئۆز ۋەدىسىگە سادىق بولۇپ بەندىسىگە ياردەم بەردى، ئۆز قوشۇنلىرىنى غالىب قىلىپ بىرلەشمە قوشۇنلارنى مەغلۇب قىلدى. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَدَّ اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ الْقِتَالَ وَكَانَ اللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزًا﴾ «ﷲ كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن) نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ﷲ (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، ﷲ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»[1]. ﷲ تائالا تۆۋەندىكى سۆزىدە ھەم بۇنى تېخىمۇ تولۇق ئىسپاتلاپ بىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْزَلَ الَّذِينَ ظَاهَرُوهُمْ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مِنْ صَيَاصِيهِمْ وَقَذَفَ فِي

[1] سۈرە ئەھزاب 25- ئايەت.

قُلُوبِهِمُ الرُّعْبَ فَرِيقًا تَقْتُلُونَ وَتَأْسِرُونَ فَرِيقًا۝ وَأَوْرَثَكُمْ أَرْضَهُمْ وَدِيَارَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ وَأَرْضًا لَمْ تَطَئُوهَا وَكَانَ اللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرًا۝﴾ «الله ئەھلى كىتابتىن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى (يەنى رەسۇلۇللاھ بىلەن قىلغان ئەھدىنى بۇزغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى) قورغانلىرىدىن چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى. (ئۇلارنىڭ) بىر بۆلۈكىنى ئۆلتۈردۈڭلار ۋە بىر بۆلۈكىنى ئەسىر ئالدىڭلار [26]. الله سىلەرگە ئۇلارنىڭ زېمىنىنى، قورۇ-جايلىرىنى، مال-مۈلۈكلىرىنى ۋە (تېخى) سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار دەسسەپ باقمىغان زېمىننى مىراس قىلىپ بەردى، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر[27]»[①].

ئىسلام شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈپ زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بۇ دۈشمەن (موڭغۇللار) بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى بۇ قېتىملىق ئىمتىھان، رەسۇلۇللاھ ﷺ دەۋرىدە الله تائالا تەرىپىدىن ئايەتلەر نازىل بولۇپ تۇرغان، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر ئۆز دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۇچرىغان غازاتلاردىكى ئىمتىھانغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

الله تائالا پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەرنى ئىمتىھان قىلغان بۇ جەڭلەر تا قىيامەت كۈنىگىچە الله تائالانى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ھەمدە الله تائالانى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە نەمۇنە بولىدىغان دەرسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ﷺ نىڭ دەۋىتى بولغان قۇرئان ۋە ھەدىس تېكىستلىرى لەۋزى ۋە مەنىسىنىڭ ئومۇمىيلىقى

[①] سۈرە ئەھزاب 26-، 27- ئايەتلەر.

جەھەتتىن بارچە خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﷲ تائالانىڭ كىتابى ۋە ئەلچىسىنىڭ سۈننىتىدىكى ئەھدىلەر خۇددى بۇ ئۇممەتنىڭ ئاۋۋالقىسىغا يەتكەندەك ئاخىرىغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. ﷲ تائالا بىزلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ۋە بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىتىپ ئۇممەتنىڭ ئاخىرىنى ئاۋۋالقىسىغا قىياس قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بىزلەرگە بايان قىلىپ بەردى. شۇنداق بولغاندىلا كېيىنكى مۇئمىنلەرنىڭ ئىلگىرىكى مۇئمىنلەرگە ئوخشاشلىقى، كېيىن كەلگەن كاپىر ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئىلگىرىكى كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا ئوخشاشلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ﷲ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل قىسسە بولغان يۇسۇف ئەلەيهىسسالامنىڭ قىسسىسنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ مَا كَانَ حَدِيثًا يُفْتَرَى﴾ «ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس»[①].

قۇرئاندا سۆزلەنگەن قىسسىلەر ھەرگىزمۇ توقۇلما تارىخلاردىكى جەڭلەر ھەققىدە سۆزلىنىدىغان يالغان قىسسىلەر ئەمەس. ﷲ تائالا پىرئەۋننىڭ قىسسىسىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ فَأَخَذَهُ اللَّهُ نَكَالَ الْآخِرَةِ وَالْأُولَى۞ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لِمَنْ يَخْشَى۞﴾

[①] سۈرە يۇسۇف 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى [25]. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تىن قورقىدىغانلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ»[1]. الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ بەدر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى دۈشمەنلەر بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ئىش ـ ئىزلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَأُخْرَى كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُمْ مِثْلَيْهِمْ رَأْيَ الْعَيْنِ وَاللَّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصْرِهِ مَنْ يَشَاءُ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لِأُولِي الْأَبْصَارِ﴾ «(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىرى الله يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنى بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئوپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر (يەنى الله كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). الله خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار»[2].

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ نىڭ بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَخْرَجَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مِنْ دِيَارِهِمْ لِأَوَّلِ الْحَشْرِ مَا ظَنَنْتُمْ أَنْ يَخْرُجُوا وَظَنُّوا أَنَّهُمْ مَانِعَتُهُمْ حُصُونُهُمْ مِنَ اللَّهِ فَأَتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ حَيْثُ لَمْ يَحْتَسِبُوا وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ الرُّعْبَ

[1] سۈرە نازىئات 25 ـ، 26 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئال ئىمران 13 ـ ئايەت.

﴿يُخْرِبُونَ بُيُوتَهُمْ بِأَيْدِيهِمْ وَأَيْدِي الْمُؤْمِنِينَ فَاعْتَبِرُوا يَا أُولِي الْأَبْصَارِ﴾ «الله ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى، سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى ئۆزلىرىنى الله نىڭ (ئازابىدىن) توسىيالايدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا الله نىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. الله ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى، ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار»[1].

الله تائالا بىزلەرنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىزغا بۇيرۇپ ۋە بۇ ھەقتىكى قانۇنىيىتىنىڭ ئىزچىل ئۆزگەرمەي داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىرقانچە ئورۇندا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ وَالْمُرْجِفُونَ فِي الْمَدِينَةِ لَنُغْرِيَنَّكَ بِهِمْ ثُمَّ لَا يُجَاوِرُونَكَ فِيهَا إِلَّا قَلِيلًا ۝ مَلْعُونِينَ أَيْنَمَا ثُقِفُوا أُخِذُوا وَقُتِّلُوا تَقْتِيلًا ۝ سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا ۝﴾ «ئەگەر مۇناپىقلار، (نىفاقتىن) دىللىرىدا كېسەل بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، (ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە

---

[1] سۈرە ھەشر 2_ ئايەت.

ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىشىلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ). ئۇلار قەيەردە بايقالسا، شۇ يەردە تۇتۇلىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ [60ـ61]. بۇ (يەنى مۇناپىقلارغا الله نىڭ تۇتقان يولى) الله نىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، الله نىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن [62]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ قَاتَلَكُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوَلَّوُا الْأَدْبَارَ ثُمَّ لَا يَجِدُونَ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا۝ سُنَّةَ اللَّهِ الَّتِي قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلُ وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا۝﴾ «ئەگەر كاپىرلار سىلەر بىلەن (ھۇدەيبىيىدە) ئۇرۇشسا، ئەلۋەتتە، ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى، ئاندىن (ئۆزلىرىگە) ھېچ ئىگە ۋە ياردەمچى تاپالمايتتى [22]. بۇ (يەنى كاپىرلارنى مەغلۇب قىلىش، مۇئمىنلەرنى غەلىبە قىلدۇرۇش) الله نىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ تۇتۇپ كېلىۋاتقان يولىدۇر، الله نىڭ يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى الله نىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ) [23]»②.

الله تائالا كېيىن كېلىدىغان كاپىرلارنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىنىڭ ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ يولىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇڭا ئەقىل ئىگىلىرى الله تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈستىدە داۋام قىلدۇرۇۋاتقان كۈنلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىدىن ئىبرەت

① سۈرە ئەھزاب 60ـ ،61ـ ،62ـ ئايەتلەر.

② سۈرە فەتىھ 22ـ ، 23ـ ئايەتلەر.

ئېلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەۋىرى مەشرىق ۋە مەغرىبنى قاپلىغان، يامانلىقى ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ھەممىسىگە تارىغان، مۇناپىقلار ئۆزىنى ئاشكارىلىغان، كۇفرى چىشلىرىنى ئېچىپ تۇرغان، قۇرئاننىڭ ئەسلىسى پۈتۈنلەي يوقۇلۇشقا، ئىماننىڭ ئارغامچىسى بىر پۈتۈن ئۈزۈلۈشكە، مۇئمىنلەرنىڭ يۇرتلىرىنى كاپىر موڭغۇللار بېسىۋېلىپ بۇ دىن يوق بولۇپ كېتىشكە تاسلا قالغان بۇنداق چوڭ ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

مۇناپىقلار ۋە قەلبىدە كېسەل بار كىشىلەر «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلغان ئىكەن، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قوشۇنلىرى ئائىلىسىگە ھەرگىز قايتالمايدۇ» دەپ گۇمان قىلىشتى. پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئائىلىسىگە قايتالماي ۋەيران بولۇشى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە چىرايلىق بىلىندى، ئۇلار يامان گۇمان قىلىشتى، شۇ سەۋەبلىك ھالاك بولغۇچى قەۋملەردىن بولدى.

پىتنە كېلىۋېدى، بۇ پىتنىدە ئېغىر-بېسىق كىشى گاڭگىراپ قالدى، سەگەك كىشى مەستتەك ۋە ئەقىللىق كىشى ۋەسۋەسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇيقۇدىمۇ ئەمەس، ئويغاقمۇ ئەمەستەك بىر خىل ھالەتتە بولۇپ قالدى. بۇ پىتنىدە تونۇشلارنىڭ ۋە قېرىنداشلارنىڭ قەلبلىرى بىر-بىرىگە ناتونۇش بولۇپ، ھەتتا بىر كىشى پەرياد چېكىۋاتقان يەنە بىر كىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كەتتى. الله تائالا بۇ پىتنىدە ئۆتكۈر ئىرادىلىك ۋە راستچىل كىشىلەرنى قەلبىدە كېسەل ۋە نىفاقلىق

بولغان ئىمانى ئاجىز كىشىلەردىن ئايرىدى. بۇ پىتنە سەۋەبلىك بىر بۆلۈك قەۋملەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا، يەنە بىر بۆلۈك قەۋملەرنى ئالىي ماقامغا كۆتۈردى ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈردى. تۈرلۈك ئىمتىھان ۋە سىناقلار بۇ پىتنىنى گوياكى بىر كىچىك قىيامەتكە ئوخشىتىپ قويغانلىقتىن، كىشىلەر بۇ پىتنىدە خۇددى قىيامەت كۈنىگە ئوخشاشلا بەختسىز ۋە بەختلىك بولۇپ ئايرىلىپ كېتىشكەن ئىدى. كىشىلەر ئۆز قېرىنداشىدىن ۋە ئاتا-ئانىسىدىن قاچتى چۈنكى ھەربىر كىشىنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن توسۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن ئىدى. كىشىلەر ئىچىدە ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ-قۇدرىتى يېتىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ غېمى بۇنىڭغا قارىماستىن ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشلا بولدى. ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك كىشىگە زىيادە ياردىمى يەتكەن كىشىلەرمۇ بولدى ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ ئورنى ئىتائەت قىلىنىدىغان شاپائەتچىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇلار مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە قوغداشتا الله تائالانىڭ نەزىرىدە بىرقانچە دەرىجىدە ئىدى، شىكايەتلەردىن خالىي (يەنى باشقىلارغا ۋايسىماي) مەنپەئەت يەتكۈزۈشلا ئىمان، سالىھ ئەمەل، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقنى مەيدانغا كەلتۈرەتتى.

بۇ پىتنىدە (مۇناپىقلارنىڭ) دىللىرىدا يوشۇرۇغان سىرلىرى، سۆز ۋە ئەمەللىرىدىكى ياسالمىلىقلىرى ئەڭ قىيىن پەيتكە كەلگەندە ئاشكارا بولغان ئىدى. ئىمانىدا راستچىل بولۇپ پەيغەمبەر

ﷺ نىڭ يولىنى تۇتقان كىشىلەر ئۆز رەببىگە ھەمدە ئېيتقاندەك، ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەن كىشىلەر ئىتائەت قىلغان كاتتىۋاشلىرى ۋە يولباشچىلىرىنى سۆككەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەلگۈسىدە بولماقچى بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ كەلگەن ھەدىسلىرىنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغان ئىدى، ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن بېشارەتلەر ۋە خەۋەرلەرگە بۇ ئۈممەتتىكى ھەدىسشۇناسلارنىڭ قەلبلىرى بويسۇنغان ئىدى. قىيامەت كۈنىگىچىلىك ھەق ئۈستىدە غالىب بولۇپ تۇرىدىغان، قارشىلىق قىلغان ۋە ياردەمسىز تاشلاپ قويغان كىشىلەر ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان «الطائفة المنصورة» «ياردەم بېرىلگۈچى تائىپە» بۇ پىتنىدە ئاشكارا بولغان ئىدى.

كىشىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۈچ جامائەگە بۆلۈنۈپ كەتتى: بىرى، دىنغا ياردەم بېرىشتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن جامائە؛ يەنە بىرى، دىنغا ياردەم بەرگۈچىلەرنى ياردەمسىز تاشلاپ قويغان جامائە؛ يەنە بىرى، ئىسلام شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتكەن جامائە ئىدى. كىشىلەر ئەجىر بېرىلگۈچى بولۇش بىلەن ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنغۇچى بولۇش ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم بۆلۈندى ۋە شەيتان يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەرنى «الله نىڭ ئەپۇسى كەڭرى» دەپ ئالداپ كەتكەن ئىدى. كىشىلەر بۇ ئىمتىھاندا الله تائالا تەرەپتىن ئايرىلغان ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِيَجْزِيَ اللَّهُ الصَّادِقِينَ بِصِدْقِهِمْ وَيُعَذِّبَ الْمُنَافِقِينَ إِنْ شَاءَ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ «الله راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن

(ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ، مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ) ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[①].

بۇ چوڭ ھادىسىدىن ئىبرەت ئېلىش يولى شۇكى، الله تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ھەق دىنى ئىسلامنى باشقا بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ﷺ نى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەنلىكىدۇر. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە جىھادنى بىرىنچى قېتىم رۇخسەت قىلىپ يولغا قويدى، ئىككىنچى قېتىم ۋاجىب قىلدى. مۇھەممەد ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ياردەم بېرىدىغان ئەنسارىلار جامائەسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، شۇ ھىجرەت يۇرتىدا تۇرغان 10 نەچچە يىل جەريانىدا 20 دىن ئارتۇق غازاتلارغا ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشتى، غازاتلارنىڭ تۇنجىسى بەدر غازىتى، ئاخىرقىسى تەبۇك غازىتى بولدى. الله تائالا مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئاۋۋالقى غازاتلىرى ھەققىدە «سۈرە ئەنفال» نى، ئاخىرقى غازاتلىرى ھەققىدە «سۈرە تەۋبە» نى نازىل قىلدى. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇرئان كەرىمدىكى ئىككى سۈرىنىڭ (يەنى ئەنفال بىلەن تەۋبىنىڭ) ئوتتۇرىسىنى «بىسمىللاھ» بىلەن ئايرىمىغانلىق توغرىسىدا سورالغان ۋاقىتتا جاۋاب بەرگىنىدەك، ئىشنىڭ بېشى بىلەن

[①] سۈرە ئەھزاب 24 ـ ئايەت.

ئاخىرى ئۆزئارا ئۇخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا قۇرئاندا بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىمىغان.

بۇ غازاتلارنىڭ ئىچىدە توققۇز قېتىملىقىدا ئەمەلىي ئۇرۇش بولغان، ئۇنىڭ تۇنجىسى بەدر غازىتى، ئاخىرقىسى ھۇنەيىن ۋە تائىف غازىتى ئىدى. قۇرئان كەرىم خەۋەر قىلغاندەك، الله تائالا بۇ غازاتلاردا پەرىشتىلەرنى ياردەمگە چۈشۈرگەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئىككى غازاتنىڭ ئوتتۇرىسى ماكان ۋە زامان جەھەتتە يىراق بولسىمۇ لېكىن كىشىلەر بۇ ئىككى غازاتنى ئايرىماستىن بىللە سۆزلىشىدۇ چۈنكى بەدر غازىتى ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مەككىنىڭ شام تەرىپىدىكى ئورۇندا يۈز بەرگەن، ھۇنەيىن غازىتى ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا مەككىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تائىفقا يېقىن ھۇنەيىن ۋادىسىدا يۈز بەرگەن. پەيغەمبەر ﷺ ھۇنەيىن غازىتىنىڭ غەنىيمەتلىرىنى «جىئىران» دېگەن ئورۇندا تەقسىم قىلغان ۋە شۇ «جىئىران» دېگەن ئورۇندىن ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن ماڭغان. ئاندىن تائىفنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا تائىف ئەھلى پەيغەمبەر ﷺ گە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئەمەلىي جەڭ قىلالمىغانلىقتىن پەقەت سېپىلىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. يۈزمۇيۈز بولغان ئەمەلىي جەڭلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھۇنەيىن غازىتى بولغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان غازاتلارنىڭ تۇنجىسى بەدر غازىتى ئىدى، مۇسۇلمانلار بۇ غازاتتا

سانىنىڭ ئازلىقى ۋە ئاجىزلىقىغا قارىماي قۇرەيشلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە باشلىقلىرىنى ئەسىرگە ئالغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلار 300 ئون نەچچە كىشى بولۇپ، ئۇلاردا پەقەت ئىككى تۇياقلا ئات بار ئىدى، ئىككى ياكى ئۈچ كىشى بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. قۇرەيشلەر بولسا كۈچ ـ قۇۋۋەت، تەييارلىق ۋە ئات سانى جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئىدى. كېيىنكى يىلى كاپىرلار مەدىنىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىغان ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى كاپىرلار سانىنىڭ تۆتتىن بىرىگە يېقىن ساندىكى قوشۇن بىلەن كاپىرلارغا قارشى غازاتقا چىققان. مۇسۇلمانلار ئائىلىلىرىنى مەدىنىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، كېيىن باشقا ئورۇنغا يۆتكىگەن. جەڭنىڭ دەسلىپىدە مۇسۇلمانلار كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، كېيىن جەڭنىڭ غەلىبىسى كاپىرلارغا يۈزلىنىپ پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئەتراپىدىكى ئاز بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردىن باشقا كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مەغلۇب بولغان. ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى قەتلى قىلىنىپ، يەنە بىر بۆلىكى يارىلانغان. كاپىرلار پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈشكە كۈچەپ، ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ... ئۇتتۇر چىشىنى سۇندۇرۇپ پېشانىسىنى يېرىۋەتكەن ۋە بېشىدىكى دۇبۇلغىنى سۇندۇرۇۋەتكەن. الله تائالا «سۈرە ئال ئىمران» نىڭ يېرىمىنى بۇ غازات ھەققىدە نازىل قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ غَدَوْتَ مِنْ أَهْلِكَ تُبَوِّئُ الْمُؤْمِنِينَ مَقَاعِدَ لِلْقِتَالِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا سەن ئەتىگەندە ئۆيۈڭدىن (ئۇھۇدقا) چىقىپ مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش سەپلىرىگە

ئورۇنلاشتۇردۇڭ»[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَلَّوْا مِنْكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا وَلَقَدْ عَفَا اللَّهُ عَنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٌ﴾ «ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە، ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى، بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن، شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ الله ھەقىقەتەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»[2].

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ صَدَقَكُمُ اللَّهُ وَعْدَهُ إِذْ تَحُسُّونَهُمْ بِإِذْنِهِ حَتَّى إِذَا فَشِلْتُمْ وَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَعَصَيْتُمْ مِنْ بَعْدِ مَا أَرَاكُمْ مَا تُحِبُّونَ مِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الدُّنْيَا وَمِنْكُمْ مَنْ يُرِيدُ الْآخِرَةَ ثُمَّ صَرَفَكُمْ عَنْهُمْ لِيَبْتَلِيَكُمْ وَلَقَدْ عَفَا عَنْكُمْ وَاللَّهُ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾ «الله سىلەرگە قىلغان (دۈشمىنىڭلارغا قارشى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت) ۋەدىسىدە تۇردى؛ الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى قىرىۋاتاتتىڭلار، الله سىلەر ياقتۇرىدىغان غەلىبىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن زەئىپلىشىپ قالدىڭلار، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرى توغرىسىدا جاڭجاللاشتىڭلار،

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 121- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 155- ئايەت.

(پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنمىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار دۇنيانى كۆزلىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئاخىرەتنى كۆزلىدىڭلار، ئاندىن الله سىناش ئۈچۈن سىلەردىن دۈشمەننى قايتۇردى (يەنى سىلەرنى غەلىبىدىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى) ۋە سىلەرنى ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلدى. الله مۆئمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر»[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّا أَصَابَتْكُمْ مُصِيبَةٌ قَدْ أَصَبْتُمْ مِثْلَيْهَا قُلْتُمْ أَنَّى هَذَا قُلْ هُوَ مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: <بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟> دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، <ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى>. الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2].

شەيتان كىشىلەر ئىچىدە «مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى» دەپ توۋلىغان، شۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلاردىن بەزى كىشىلەر تەۋرەپ قېلىپ قېچىپ كەتكەن، يەنە بەزىلىرى مۇستەھكەم تۇرۇپ جەڭ قىلغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 152 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 165 ـ ئايەت.

رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ وَمَنْ يَنْقَلِبْ عَلَى عَقِبَيْهِ فَلَنْ يَضُرَّ اللَّهَ شَيْئًا وَسَيَجْزِي اللَّهُ الشَّاكِرِينَ﴾ «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ الله قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ»[1].

يېقىنقى زامان تارىخىدا (موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدا) مەغلۇب بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ئۇھۇد غازىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدا مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرى ــ نىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى، مەغرۇرلىنىش، تەكەببۇرلۇق، زۇلۇم قىلىش، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن يۈز ئۆرۈش، الله تائالانىڭ پەرزلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، جەزىرە ۋە رۇم زېمىنلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىگە زۇلۇم قىلىشتەك ئاشكارا گۇناھ ۋە ئوچۇق خاتالىق سەۋەب بولغان ئىدى. دەسلەپكى ۋاقىتتا دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلار بىلەن سۈلھىلىشىشكە رازى بولۇپ ئىسلامغا كىرىشكە باشلىغان، ئىشنىڭ باشلىنىشى قەسەمگە ئەمەل

[1] سۈرە ئال ئىمران 144 ـ ئايەت.

قىلىش ۋە ئامانلىق بېرىش ئىچىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار بەرگەن قەسەملىرىنى بۇزغان ئىدى. الله تائالانىڭ ھېكمىتى شۇكى، الله تائالا مۇئمىنلەرگە رەھىمدىل بولغانلىقتىن مۇئمىنلەرنىڭ سېپىنى تازىلاش ۋە ئۇلارنى رەببىگە يۈزلەندۈرۈش ھەمدە دۈشمەنلىرى ئېلىپ بارماقچى بولغان زۇلۇم قىلىش، سۈيىقەست قىلىش، ئەھدىنى بۇزۇش ۋە ئىسلام شەرىئەتلىرىدىن چىقىپ كېتىشتىن ئىبارەت يامانلىقلارنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ساھابىلەرنى ئىمتىھان قىلغان كەبى بۇ مۇئمىنلەرنى ھەم ئىمتىھان قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدى، مۇئمىنلەر شۇ ئارقىلىق غەلىبە قىلىش سەۋەبلىرىنى ئۆزلىرىدە ھازىرلىغان ۋە دۈشمەنلەرمۇ ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىنىشقا تېگىشلىك يامانلىقلارنى ئۆزلىرىدە تولۇق سادىر قىلغان ئىدى. بۇنداق بولۇشى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ۋە ئاددىي خەلقنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كۆڭۈللىرىگە يامانلىق چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ) يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شۇ يامانلىقلىرىغا دۈشمەنلەردىن غالىب كېلىش بىرلەشكەن بولسا، ئۇلار دىن ۋە دۇنياغا تىلدا تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. الله تائالانىڭ بەدر غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار ئۈستىدىن غالىب قىلىشى مۇئمىنلەرگە رەھمەت ۋە نېئمەت بولغىنىدەك، ئۇھۇد غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇب بولۇشى ھەم مۇئمىنلەرگە رەھمەت ۋە نېئمەت بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لايقضي اللَّه للمؤمن قضاء إلا كان خيرا ، وليس ذلك لأحد إلا للمؤمن ،

إن أصابته سراء فشكر اللَّه كان خيرا له ، وإن أصابته ضراء فصبر كان خيرا له»
«الله تائالا مۆئمىن ھەققىدە قانداق بىر ھۆكۈمنى قىلسا، ئۇ ھۆكۈم مۆئمىنگە ياخشىلىقتۇر، بۇ خۇسۇسىيەت پەقەت مۆئمىنگىلا خاستۇر. مۆئمىن كىشىگە خۇشاللىق يەتسە الله قا شۈكرى قىلىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىق؛ ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتسە سەۋر قىلىدۇ، مانا بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر».[1]

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھادىسىسى ئۇھۇد غازىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇھۇد غازىتى ۋەقەسىدىن بىر ياكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلار خەندەك غازىتى يىلى ئىمتىھان قىلىندى. شۇنىڭدەك، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە بولغان مۇسۇلمانلار خەندەك غازىتىدا سىنالغىنىغا ئوخشاشلا مۆئمىنلەر بۇ يىلمۇ دۈشمەن بىلەن ئىمتىھان قىلىنغان ئىدى. خەندەك يىلىدىكى غازات بىرلەشمە قوشۇنلار ئۇرۇشى بولۇپ، الله تائالا شۇ غازاتنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھزاب سۈرىسىنى نازىل قىلدى. الله تائالا بۇ سۈرىدە ئۆز بەندىسى مۇھەممەد ﷺ گە ياردەم بەرگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ مۆئمىن قوشۇنلىرىنى ئەزىز قىلغانلىقى، پەيغەمبەر ﷺ گە قارشى توپلانغان بىرلەشمە قوشۇنلارنى مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلەر روبىروسىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى سەۋەبلىك ئۇرۇش يۈز بەرمەستىن ئۆزى يالغۇزلا مەغلۇب قىلغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە الله تائالا بۇ سۈرىدە مۇھەممەد ﷺ نىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى، ھەق ـ ھۆرمىتى ۋە

---
[1] ئەھمەد توپلىغان.

ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتىنى تىلغا ئالغان. ھالەتنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى الله بۇ غازاتتا ئۇرۇش بولمايلا ئۆز بەندىسىگە ياردەم بەرگەن. مانا شۇ ئەھزاب غازىتى بىزنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشىمىزغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. خۇددى ئەھزاب غازىتىدا دىنىنى كۆچلەندۈرىدىغان ئىلاھىي سىر ئاشكارا بولغىنىدەك، موڭغۇللار بىلەن بولغان جەڭدىمۇ بۇ ئىلاھىي سىر قايتا نامايەن بولغان ئىدى. كىشىلەر خەندەك يىلى بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنگەندەك بۇ ئۇرۇشتىمۇ (موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىمۇ) بۆلۈنگەن ئىدى.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ نى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ ئۇنى ھىجرەت ۋە نۇسرەت بىلەن ئەزىز قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى: بىرىنچى، كۆرۈنۈشتە ۋە قەلبىدە الله تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن مۇئمىنلەر؛ ئىككىنچى، الله قا ئاسىي بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغان كاپىرلار؛ ئۈچىنچى، كۆرۈنۈشتە ئىمان كەلتۈرگەن لېكىن قەلبىدە كۇپرىنى يوشۇرغان مۇناپىقلار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «سۈرە بەقەرە» مۇئمىنلەرنى سۈپەتلىگەن تۆت ئايەت، كاپىرلارنى سۈپەتلىگەن ئىككى ئايەت ۋە مۇناپىقلارنى سۈپەتلىگەن 13 ئايەت بىلەن باشلانغان. قۇرئان ۋە سۈننەت دالالەت قىلغاندەك ئىمان، كۇپرى ۋە مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە سۈپەتلىرى بار. مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ئەسەردىمۇ ئىمان، ئىماننىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە سۈپەتلىرى شۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن. نىفاقنىڭ ئىچىدە چوڭ نىفاق بولۇپ، شۇ نىفاق ئىگىسى خۇددى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە

شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناپىقلاردەك دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدا بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناپىقلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نى يالغانغا چىقارغان ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملەرنىڭ بەزىسىگە تانغان، ئۆچ كۆرگەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ۋاجىب ئەمەس دەپ ئېتىقاد قىلغان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ دىنىنىڭ غالىب بولۇشىنى يامان كۆرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ئىدى. مۇشۇنداق مۇناپىقلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلاردا ھەم مەۋجۇد ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە ئىمان كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدىغان ئامىللار كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇناپىقلار پەيغەمبەر ﷺنىڭ دەۋرىگە قارىغاندا كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپرەك بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇناپىقلارنىڭ بەزىسىنى بىلەتتى، بەزىسىنى بىلمەيتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِمَّنْ حَوْلَكُمْ مِنَ الْأَعْرَابِ مُنَافِقُونَ وَمِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ مَرَدُوا عَلَى النِّفَاقِ لَا تَعْلَمُهُمْ نَحْنُ نَعْلَمُهُمْ﴾ «ئەتراپىڭلاردا ئەئرابىلاردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسىدىنمۇ مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرغانلار بار، ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز» .[1] شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خەلىپىلىرىمۇ بەزى مۇناپىقلارنى بىلەتتى، بەزىسىنى بىلمەيتتى. ئىسلامغا ئۆزىنى نىسبەت بېرىدىغان ئومۇمىي گەۋدە ۋە يەككە شەخسلەر ئىچىدىمۇ كۆپلىگەن مۇناپىقلار بار بولۇپ، ئۇلار «زىندىق» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلاتتى. ئالىملار ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى، بۇنداق

[1] سۈرە تەۋبە 101 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇشى ئۇلاردىكى نىفاقنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن بىلگىلى بولمايتتى چۈنكى ئۇلار دائىم ئىسلامنى ئاشكارا قىلىپ تۇراتتى. مۇناپىقلار ــ مۇنەججىملەر، دوختۇرلار ۋە پەيلاسوپلۇقنى دەۋا قىلىدىغان كىشىلەر ئىچىدە ناھايىتى كۆپ لېكىن قۇرئان يادلىغۇچىلاردا ئاز كۆرۈلىدۇ. ئاندىن قالسا سوپىلىق ۋە فىقھىشۇناسلىقنى دەۋا قىلىدىغان كىشىلەردە، بىر قىسىم جەڭچى، ئەمىر ۋە ئاۋام كىشىلەر ئىچىدىمۇ تېپىلىدۇ. لېكىن ئەھلى بىدئەت ئېقىملىرىدا، بولۇپمۇ رافىزىيلەر ئىچىدە زىندىق مۇناپىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، باشقا بىدئەت ئېقىملىرىدا ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن خەرمىيە، باتىنىيە، قەرامىتىيە، ئىسمائىلىيە، نۇسەيرىيە ۋە شۇلارغا ئوخشاش «زىندىق» مۇناپىقلار رافىزىيلارغا نىسبەت بېرىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلاردىكى مۇناپىقلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قەلبى موئمىنلەرنىڭ دۆلىتىگە مايىل ئىدى چۈنكى موئمىنلار ئۇلارنى ئىسلام شەرىئىتىگە مەجبۇرلىمايتتى بەلكى ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى موئمىنلاردىن نەپرەتلەنسىمۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ دىن ئۈچۈن ئەمەس بەلكى موئمىنلارنىڭ دۇنيالىقتىكى بۇزغۇنچىلىقى، مال ـ مۈلۈكنى ئىگىلىۋالغانلىقى، قان تۆكۈشكە، چۆرە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن نەپرەتلىنەتتى. مانا بۇ ــ چوڭ نىفاقنىڭ بىر قىسمىدۇر.

كىچىك نىفاق ــ سۆزلىسە يالغان سۆزلەش، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىش، ئامانەت قويسا خىيانەت قىلىش ۋە جېدەللىشىپ قالسا سەت گەپ قىلىشقا ئوخشاش ئەمەللەردىكى

نىفاقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «آية المنافق ثلاث: إذا حدث كذب، وإذا وعد أخلف، وإذا اؤتمن خان» «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ».[①] يەنە بىر نەقىلدە: «وإن صلى وصام وزعم أنه مسلم» «گەرچە ناماز ئوقۇغان، روزا تۇتقان ۋە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ داۋا قىلسىمۇ» دەپ كەلگەن.[②]

«سەھىھ بۇخارى» ۋە «سەھىھ مۇسلىم» دا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «أربع من كن فيه كان منافقا خالصا ومن كانت فيه خصلة منهن كانت فيه خصلة من النفاق حتى يدعها إذا حدث كذب وإذا وعد اخلف وإذا عاهد غدر وإذا خاصم فجر» «كىمدە تۆت خىل سۈپەت بولىدىكەن، ئۇ خالىس مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە ئۇنىڭدىن بىرەرسى تېپىلىدىكەن، تاكى شۇ بىر سۈپەتنى تاشلىمىغۇچىلىك ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقتىن بىر سۈپەت بولغان بولىدۇ. ① سۆزلىسە، يالغان ئېيتىدۇ. ② ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلىدۇ. ③ ئەھدىلەشسە، ئەھدىنى بۇزىدۇ. ④ جېدەللىشىپ قالسا، ئېغىزىنى بۇزىدۇ». جىھادتىن يۈز ئۆرۈشنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇشى مۇشۇ بابتىن ئېلىنغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «من مات ولم يغز ولم يحدث نفسه بغزو مات على شعبة من نفاق» «كىمكى جىھاد قىلماي ياكى جىھاد

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[②] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ پۈكمەي ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلىقنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىر سۈپەت بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ».[1] الله تائالا «سۈرە تەۋبە» نى نازىل قىلدى، بۇ سۈرە «الفاضحة» «رەسۋا قىلغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ چۈنكى بۇ سۈرە مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بىرىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «هي الفاضحة، ما زالت تنزل، ومنهم ومنهم، حتى ظنوا أن لا يبقى أحدا إلا ذكر فيها» «بۇ سۈرە ‹الفاضحة› دۇر، ئۇ سۈرىدە ‹ومنهم ومنهم› ‹مۇناپىقلاردىن ئۇنداق كىشىلەر بار ياكى مۇنداق كىشىلەر بار› دېگەن ئايەتلەر ئۈزۈلمەي نازىل بولۇۋېدى، ھەتتا مۇناپىقلار ‹ئۆزلىرىدىن ھېچبىرى قالدۇرۇلماي بۇ سۈرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئوخشايدۇ› دەپ گۇمان قىلىشتى»[2].

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «‹سۈرە تەۋبە› بولسا سۈرە ‹البحوث› ‹تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش› دۇر چۈنكى بۇ سۈرە مۇناپىقلارنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ»[3]. قەتادەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «‹سۈرە تەۋبە› بولسا سۈرە ‹المثيرة› ‹قوزغىغۇچى، تاراتقۇچى› دۇر چۈنكى بۇ سۈرە مۇناپىقلارنىڭ رەسۋالىقىنى تاراتقان» .[4] ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «‹سۈرە

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئىبنى سەئىد، تەبەرى ۋە ھاكىم توپلىغان.

[4] «زاد المسير» 3- توم 144- بەت، «الدر المثور» 5- توم 106- بەت.

تەۋبە> سۈرە ‹المقشقشة› <ساقايتقۇچى> دۇر چۈنكى بۇ سۈرە نىفاق كېسىلىنى ساقايتىدۇ». [1]

بۇ سۈرە ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى پەيغەمبەر ﷺ قاتناشقان غازاتلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان تەبۇك غازىتىدا نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئىسلام ئەزىز ۋە غالىب بولغان ئىدى. الله تائالا بۇ سۈرىدە مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ بەردى ۋە ئۇلارنى قورقۇنچاقلىق، جىھادنى تەرك ئېتىش، الله يولىدا مال چىقىم قىلىشتىن بېخىللىق قىلىش ۋە مال ـ دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق بولۇشتەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىق ناھايىتى چوڭ ئىككى كېسەلدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شر ما في المرء شح هالع وجبن خالع» «چەكتىن ئاشقان بېخىلىق ۋە چەكتىن ئاشقان قورقۇنچاقلىق ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىللەتتۇر». [2] شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە بۇ ئىككى كېسەل دوزاخنى ۋاجىب قىلىدىغان چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَ﴾ «الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان

[1] «البرهان في علوم القرآن» ناملىق كىتاب 1 ـ توم 269 ـ بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ﴾ «كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!» [2].

ئۇلارنى قورقۇنچاقلىق بىلەن سۈپەتلەشكە كەلسەك، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ إِنَّهُمْ لَمِنْكُمْ وَمَا هُمْ مِنْكُمْ وَلَكِنَّهُمْ قَوْمٌ يَفْرَقُونَ۞ لَوْ يَجِدُونَ مَلْجَأً أَوْ مَغَارَاتٍ أَوْ مُدَّخَلًا لَوَلَّوْا إِلَيْهِ وَهُمْ يَجْمَحُونَ۞﴾ «ئۇلار: <بىز چوقۇم سىلەر (يەنى سىلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار) دىن> دەپ، الله بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، لېكىن ئۇلار (زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراشتىن قورقۇپ، ئاغزىدا مۇسۇلمان بولغان) قورقۇنچاق قەۋمدۇر [56]. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى غار ۋە ياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ ئەلۋەتتە يۈگۈرۈشكەن بولاتتى[57]» [3].

ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن دەپ قەسەم قىلغان

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 180 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنفال 16 ـ ئايەت.

[3] سۈرە تەۋبە 56 ـ ، 57 ـ ئايەتلەر.

تەقدىردىمۇ الله تائالا ئۇلارنىڭ مۇئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەسلىكىنى خەۋەر قىلدى. الله تائالانىڭ ﴿وَهُمْ يَجْمَحُونَ﴾ «ئۇلار ناھايىتى بەك ئالدىرايدۇكى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ــ ئاچچىقلانغان ئات ھۇجۇم قىلغاندا يۈگەن ئۇنى قايتۇرالمىغاندەك، ئۇلارنى ھېچنەرسە قايتۇرالمايدۇ دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ سۈپەت بىزنىڭ ۋەقەلىكىمىزگە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى، كېيىنكى ۋەقەلىكلەردىكى كۆپ كىشىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ مُحْكَمَةٌ وَذُكِرَ فِيهَا الْقِتَالُ رَأَيْتَ الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ يَنْظُرُونَ إِلَيْكَ نَظَرَ الْمَغْشِيِّ عَلَيْهِ مِنَ الْمَوْتِ فَأَوْلَى لَهُمْ۞ طَاعَةٌ وَقَوْلٌ مَعْرُوفٌ فَإِذَا عَزَمَ الْأَمْرُ فَلَوْ صَدَقُوا اللَّهَ لَكَانَ خَيْرًا لَهُمْ۞﴾ «<نېمىشقا (جىھاد ئەمرى قىلىنغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنمىدى؟> دەيدۇ، جىھاد زىكرى قىلىنغان ئېنىق سۈرە نازىل قىلىنغاندا، دىللىرىدا كېسەل بارلار (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ساڭا ئۆلۈم ئالدىدا (ئۆلۈمدىن قورقۇپ) ئايلىنىپ كەتكەن ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن، (ئى مۇھەممەد!) (ئۇلارنىڭ ساڭا) ئىتائەت قىلىشى ۋە چىرايلىق سۆز قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، ئۇرۇش قارار قىلىنغان چاغدا، ئۇلار الله قا سادىق بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى [20ـ21]»[1] . ئۇلار الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن! الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ

[1] سۈرە مۇھەممەد 20ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 21ـ ئايەت.

آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[1].

الله تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى ۋە ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى جىھاد قىلغان كىشىلەرگىلا چەكلەپ قويىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالْمُتَّقِينَ۝ إِنَّمَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَارْتَابَتْ قُلُوبُهُمْ فَهُمْ فِي رَيْبِهِمْ يَتَرَدَّدُونَ۝﴾ «(ئى مۇھەممەد!) الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغانلار سەندىن ماللىرى بىلەن ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىمايدۇ. الله تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ [44]. (ئى مۇھەممەد) سەندىن پەقەت الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، دىللىرىدا (الله نىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرىدۇ [45]»[2]. مانا بۇ ــ الله تائالا تەرەپتىن مۆئمىن كىشىنىڭ جىھادنى تەرك ئېتىش ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺدىن رۇخسەت سورىمايدىغانلىقىنى، پەقەت الله قا ئىمان كەلتۈرمەيدىغان

[1] سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 44 ـ، 45 ـ ئايەتلەر.

كىشىلەرنىڭلا رۇخسەت سورايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتۇر، ئۇنداق بولغاندا رۇخسەت سورىماستىن جىھادنى تەرك ئەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟

قانداق بىر كىشى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلسا، (ئايەتلەرنىڭ) مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەرگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. الله تائالا مۇناپىقلارنى بېخىللىق بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مَنَعَهُمْ أَنْ تُقْبَلَ مِنْهُمْ نَفَقَاتُهُمْ إِلَّا أَنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَبِرَسُولِهِ وَلَا يَأْتُونَ الصَّلَاةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَى وَلَا يُنْفِقُونَ إِلَّا وَهُمْ كَارِهُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ بەرگەن نەپىقىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇكى، ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازنى خۇش ياقماسلىق بىلەن ئوقۇيدۇ، (پۇل ـ مېلىنى) رازىلىق بىلەن بەرمەيدۇ»[1]. بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنى ــ مال چىقىم قىلىشنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ چىقىم قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر، ئۇنداقتا پەقەت مال چىقىم قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْهُمْ مَنْ يَلْمِزُكَ فِي الصَّدَقَاتِ فَإِنْ أُعْطُوا مِنْهَا رَضُوا وَإِنْ لَمْ يُعْطَوْا مِنْهَا إِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىيمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ»[2].

[1] سۈرە تەۋبە 54 ـ ئايەت .

[2] سۈرە تەۋبە 58 ـ ئايەت .

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْهُمْ مَنْ عَاهَدَ اللَّهَ لَئِنْ آتَانَا مِنْ فَضْلِهِ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ الصَّالِحِينَ ۞ فَلَمَّا آتَاهُمْ مِنْ فَضْلِهِ بَخِلُوا بِهِ وَتَوَلَّوْا وَهُمْ مُعْرِضُونَ۞﴾ «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر: ‹ئەگەر الله بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا (يەنى رىزقىمىزنى كەڭ قىلسا) ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق› دەپ الله قا ئەھدە قىلدى [75]. الله ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان (يەنى باي قىلغان) چاغدا، بېخىللىق قىلىشتى (يەنى ئەھدىنى بۇزۇپ، الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈشتى) [76]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ كَثِيرًا مِنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلاردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) الله نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا

① سۈرە تەۋبە 75 ـ، 76 ـ ئايەتلەر.

قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: <بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ [35] »① . بۇ ئايەت ئومۇمىي كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى مالنى ناھەق ئېلىۋالغان ياكى شۇ مالنىڭ ھەقلىق ئىگىسىنى پايدىلىنىشتىن چەكلىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۈپەتلەپ بەردى چۈنكى ھىبرىلەر بولسا شۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى، راھىبلار بولسا ئىبادەتمەن كىشىلەر ئىدى، الله تائالا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى هارام يەيدىغانلىقىنى ۋە باشقىلارنى ھەقتىن توسىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇئمىن ۋە مۇناپىقنىڭ بەزى بىر مەنىلىرى ئېنىق ـ ئاشكارا بولدى. ئەگەر ئىنسان «سۈرە ئەھزاب» نى ئوقۇسا، ھەدىس، تەپسىر، فىقھى ۋە جەڭ تارىخىدا نەقىل قىلىنغان ۋەقەلىكلەردىن قۇرئان كەرىم نازىل بولغان ۋاقىتتىكى ئەمەلىي رېئاللىقنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلسە، ئاندىن بۇ ھادىسىنى (يەنى موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى) شۇ ۋەقەلىكلەرگە سېلىشتۇرسا، بىزنىڭ سۆزىمىزنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى تاپىدۇ ۋە كۆپ مۇجمەللىكلەر ئوچۇق ئايدىڭلىشىدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلىكلەردە ئىنسانلار بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنگەندەك، بۇ قېتىملىق ھادىسىدىمۇ

① سۈرە تەۋبە 34 ـ ، 35 ـ ئايەتلەر.

ئىنسانلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋە شۇنىڭدەك كۆپ ئوخشاشلىقلار ئاشكارا بولغان ئىدى. الله تائالا بۇ سۈرىنى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى بىلەن باشلىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ اتَّقِ اللَّهَ وَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَالْمُنَافِقِينَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! الله قا تەقۋادارلىق قىلىشنى (داۋاملاشتۇرغىن)، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن»①. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ بِأَنَّ لَهُمْ مِنَ اللَّهِ فَضْلًا كَبِيرًا ۞ وَلَا تُطِعِ الْكَافِرِينَ وَالْمُنَافِقِينَ﴾ «مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ الله نىڭ بۈيۈك ئېھسانىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن خۇش خەۋەر بەرگىن [47]. كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلمىغىن»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاتَّبِعْ مَا يُوحَى إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا۞ وَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ وَكَفَى بِاللَّهِ وَكِيلًا۞﴾ «ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان نەرسىگە (يەنى قۇرئانغا) ئەگەشكىن. الله ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر [2]. (ھەممە ئىشىڭدا) الله قا يۆلەنگىن، الله (ساڭا) ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر [3]»③.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ نى كىتاب ۋە ھېكمەتتىن (يەنى سۈننەتتىن) ئىبارەت الله تەرەپتىن ۋەھيي قىلىنغان ئىلاھىي يولغا ئەگىشىشكە ۋە الله قا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا ۋەھيي

---

① سۈرە ئەھزاب 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەھزاب 47- ئايەت ۋە 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ئەھزاب 2-، 3- ئايەتلەر.

قىلىنغان يولغا ئەگىشىشكە بۇيرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾ «(رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز»[1] دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلايدۇ. الله قا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ﴿وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ «سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»[2] دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلايدۇ. الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزى ھەم بۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاعْبُدْهُ وَتَوَكَّلْ عَلَيْهِ﴾ «الله قا ئىبادەت قىلغىن ۋە الله قا تەۋەككۇل قىلغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى الله قا تاپشۇرغىن)»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَإِلَيْهِ أُنِيبُ﴾ «ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم، (ھەممە ئىشتا) الله قا مۇراجىئەت قىلىمەن»[4]. ۋەھىيگە ئەگىشىش گەرچە دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە بۇيرۇلغان ئىش بولسىمۇ لېكىن جىھادتا تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر. چۈنكى، كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى قىلىنىدىغان ئۇرۇش جىھادقا موھتاج بولىدۇ. كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلىش الله تائالانىڭ كۈچلۈك ياردىمى بولغاندىلا ئاندىن تولۇق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، جىھاد ـــ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ چوقىسىدۇر ۋە مەدھىيىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى ھەم

[1] سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە فاتىھە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ھۇد 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە شۇرا 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جىھادتىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَسَوْفَ يَأْتِي اللَّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ﴾ «الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ»[1].

تەۋەككۇل قىلىش ۋە سەۋر قىلىشنىڭ يۈكسەك چوققىسى جىھادتىدۇر چۈنكى مۇجاھىد سەۋر قىلىشقا ۋە تەۋەككۇل قىلىشقا ئەڭ موھتاج كىشىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مَا ظُلِمُوا لَنُبَوِّئَنَّهُمْ فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَلَأَجْرُ الْآخِرَةِ أَكْبَرُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ ۝ الَّذِينَ صَبَرُوا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُونَ ۝﴾ «زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن الله يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر [41]. ئۇلار (ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلدى، ئۇلار (ھەممە ئىشتا) پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدۇ (يەنى يۆلىنىدۇ) [42]»[2].

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە دېگەن سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿اسْتَعِينُوا بِاللَّهِ وَاصْبِرُوا إِنَّ الْأَرْضَ لِلَّهِ يُورِثُهَا مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَالْعَاقِبَةُ لِلْمُتَّقِينَ﴾

---

[1] سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نەھل 41- ، 42- ئايەتلەر.

«<الله تىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن الله نىڭ مۈلكىدۇر، (الله ) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ> دېدى»[1].

سەۋر قىلىش ۋە جەزمەن ئىشىنىش ــ تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، دىندا پېشۋا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق»[2]. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، جىھاد ــ ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھىدايەتكە باشلايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»[3].

الله تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرنى ئۆز يولىغا يېتەكلەيدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا ئالىملار كىشىلەر بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغاندا «<الثَّغْرُ> ئەھلىنىڭ (يەنى رىباتتا

[1] سۈرە ئەئراف 128 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.

تۇرۇۋاتقانلارنىڭ) ئەمىلىگە قاراڭلار چۈنكى ھەق ئۇلار بىلەن بىرگە دەيتتى». الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»[1] . ھاياتى دۇنياغا بېرىلمەسلىك ۋە ھەقىقىي ئىخلاس جىھادتا تېپىلىدۇ.

الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۆزى — ئەمەل ـ مەنسەپ قوغلىشىش، مال ـ دۇنيا ئىزدەش ۋە تەرەپبازلىق قىلىش يولىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ چۈنكى الله يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان كىشى دىنىنىڭ پەقەت الله ئۈچۈن بولۇشى ۋە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. ئىخلاس دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى — جېنى ۋە مېلىنى قۇلچىلىق قىلىنىدىغان الله قا ئاتاشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)»[2].

جەننەت — بارلىق نېئمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماكانىنىڭ ئىسمىدۇر. شۇ نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولسا الله تائالانىڭ

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جامالىنى كۆرۈشتۇر، ئۇنىڭدىن تۆۋەنلىرى بولسا كۆڭۈل تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان، بىز بەزىسىنى بىلىدىغان ۋە بەزىسىنى بىلمەيدىغان نېئمەتلەردۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە ھەدىس قۇددۇستا مۇنداق دەيدۇ: «أعددت لعبادي الصالحين ما لا عين رأت، ولا أذن سمعت، ولا خطر على قلب بشر» «مەن سالىھ بەندىلىرىمگە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنساننىڭ قەلبىگە كېچىپ باقمىغان نېئمەتلەرنى تەييارلىدىم».[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئارقىلىق بۇ سۈرىنىڭ بۇنداق باشلىنىش سەۋەبلىرىنىڭ بەزىسى ئېنىق ئاشكارا بولدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَاءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا وَجُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۇستۇڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئۇرۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، الله سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[2]. بۇ سۈرىدىكى قىسسىنىڭ قىسقىچە خۇلاسىسى شۇكى، ئەتراپتىكى مۇشرىكلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلاشقان ئىدى، قۇرەيش ئۆزىنىڭ بەنى سەئەد، ئەشجە، فەزارە ۋە باشقا نەجدە قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت ئىتتىپاقداشلىرى، بەنى قۇرەيزە ۋە بەنى نەزىردىن ئىبارەت

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە ئەھزاب 9- ئايەت.

يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش مەقسىتىدە مەدىنىگە كەلگەن ئىدى. چۈنكى، يەھۇدىيلارنى سۈرگۈن قىلغانلىقى «سۈرە ھەشىر» دە بايان قىلىنغاندەك، پەيغەمبەر ﷺ شۇ ئەھۋالدىن بۇرۇن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى سۈرگۈن قىلغان ئىدى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بىرلەشمە قوشۇنغا قوشۇلغاندىن كېيىن قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئاخىرى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىمۇ ئەھدىنى بۇزۇپ بىرلەشمە قوشۇنغا قوشۇلغان ئىدى. ئەسلىدە قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر ﷺ گە قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار چوڭ بىرلەشمە قوشۇن بولۇپ توپلاندى، ئۇلار مۇسۇلمانلار سانىدىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئايال ـ باللىرىنى مەدىنىنىڭ قورغانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ باشقا ئورۇنغا يۆتكىمىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى مەدىنىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان شام تەرەپتىكى «سەلئىي تېغى» تەرەپكە قىلىپ ئۆزى بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىغا خەندەك كولىغان ئىدى. دۈشمەن مۇسۇلمانلارنى يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەرىپىدىن قورشىغان ئىدى. دۈشمەننىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئاداۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەگەر مۇئمىنلەرگە زەربە بېرىشكە ئىمكانىيەت تاپالىغان بولسا ئىدى، مۇئمىنلەرگە ناھايىتى قاتتىق زىيان يەتكۈزگەن بولاتتى.

خۇددى بىرلەشمە قوشۇن مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، بەزىلەرنىڭ كۆزقارىشىدا 20 نەچچە كۈن، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا 20 كۈن مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرىگە ئالغانغا ئوخشاش، بۇ قېتىم (يەنى موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدا) بۇ ئىشلار يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. دۈشمەن ــ موڭغۇل، تۈرك، پارس، ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەر، تۈرلۈك مۇرتەدلەر ۋە ئەرمىنىيىلىك ناسارالاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. بۇ دۈشمەن ئەقدام بىلەن ئەھجام ئوتتۇرىسىدىكى مۇسۇلمانلار دىيارلىرىنىڭ بىر تەرىپىگە كەلگەن ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ قارشىسىدا تۇرۇۋاتقان مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ بۇ قوشۇننىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار دىيارلىرىنى ئىگەللىۋېلىش ۋە شۇ يۇرتنىڭ خەلقىنى قۇل قىلىش ئىدى. بۇ دۈشمەن (موڭغۇللار) شۇ يىلى 4ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى فۇرات دەرياسى ئارقىلىق چېكىنىشكە باشلىغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قايتىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭ باشلىقى قازان 5ـ ئاينىڭ 11ـ ياكى 12ـ كۈنى دۈشەنبە قايتتى. شۇ كۈنى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر شەھەردىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىدىغان ئورۇنغا كىردى ۋە دەۋەتچىلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇلارغا خۇتبە سۆزلىدى. الله تائالا مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ھىممەت ۋە ئىرادىنى، دۈشمىنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ ۋە قايتىپ كېتىشنى تاشلىدى.

الله تائالا خەندەك يىلىدا قاتتىق سوغۇق ۋە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بوران بىلەن بىرلەشمە قوشۇنلارنى مەدىنىدىن قايتۇرغانىدى، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ

رِيحًا وَجُنُودًا لَمْ تَرَوْهَا﴾ «ئۇز ۋاقتىدا ئۇستۈڭلارغا (كۇففارلاردىن ئۇيۇشقان ئورۇشقۇچى) قوشۇن كەلگەن ئىدى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق»[1]. خۇددى خەندەك يىلىدىكىگە ئوخشاشلا، الله تائالا بۇ يىلدىمۇ قار-يامغۇر ۋە سوغۇقنى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ۋە كۈچلۈك قىلدى، ھەتتا بىز كىشىلەرگە «بۇ قار-يامغۇرنى يامان كۆرمەڭلار! بۇنىڭدا الله نىڭ ھېكمىتى بار» دېگەن بولساقمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئەھۋاللارنى يامان كۆردى. ئەمەلىيەتتە شۇ قار-يامغۇرلار دۈشمەنلەرنىڭ قايتىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان بولۇپ، قار-يامغۇر ۋە سوغۇقنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن دۈشمەنلەردىن ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئاتلىرىدىن الله خالىغان مىقداردا ھالاك بولدى. سوغۇق ھەم ئاچلىق سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە ۋە ئاتلىرىدا ئاجىزلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، ئۇلار «بۇ ئاجىزلىقىمىز بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلغۇدەك كۈچىمىز يوق» دەپ قاراشقان ئىدى. ھەتتا ماڭا شامدىكى بەزى پېشقەدەملەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى يەتكەن: «الله تائالا يۈزلىرىمىزنى يورۇق قىلمىسۇن! بىز دۈشمەننىڭ تۈيغۇلىرىغا ھۇجۇم قىلدۇقمۇ؟ بىز ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ باقماي بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان تۇرساق». ھەتتا دۈشمەنلەر «ئەگەر مۇسۇلمانلار ھۇجۇم قىلىپ قالسا بىز مۇسۇلمانلارغا يەمچۈك بولىدىكەنمىز» دەپ ئويلاپ قېلىشقان ئىدى لېكىن الله تائالا ئۇلارنىڭ يەمچۈك

[1] سۇرە ئەھزاب 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولۇشىنى كېچىكتۈردى، بۇ كېچىكتۈرۈشتىمۇ الله تائالانىڭ ناھايىتى چوڭ ھېكمىتى بار ئىدى. الله تائالا ئەھزاب غازىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ جَاءُوكُمْ مِنْ فَوْقِكُمْ وَمِنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا۝ هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا۝﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان، الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار [10]. بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى [11]»①.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، دۈشمەن بۇ يىلىمۇ شامنىڭ ئۈستۈنكى ئىككى تەرىپىدىن كەلدى، بۇ ئىككى تەرەپ بولسا فۇرات دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە قىبلە تەرىپى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى قىيىنچىلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن كۆزلەر چەكچىيىپ، يۈرەكلەر ئېغىزغا كەپلىشىپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ مىسىرغا قايتىپ كەتكەنلىكى، دۈشمەننىڭ دەمەشقكە يېقىنلاشقانلىقى ۋە دەمەشقكە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تاراپ كەتكەن ۋاقىتتا كىشىلەر الله ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولدى. بەزى كىشىلەر: «دۈشمەنلەر ئالدىدا شام قوشۇنلىرىدىن (يەنى مۇسۇلمان قوشۇنلىرىدىن) ھېچبىر كىشى پۈت

---

① سۈرە ئەھزاب 10 ـ، 11 ـ ئايەتلەر.

تىرەپ تۇرالمايدۇ، ھەتتا دۈشمەنلەر شام ئەھلىنى توپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىدۇ» دېيىشكەندى؛ يەنە بەزىلەر: «شام قوشۇنلىرى دۈشمەن قوشۇنلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرالىغان تەقدىردىمۇ دۈشمەنلەر ئۇلارنى پارچە-پارچە قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى نۇر ھالقىسى ئاينى ئوراپ تۇرغاندەك مۇھاسىرىگە ئالىدۇ» دېيىشەتتى؛ يەنە بەزىلەر: «شام زېمىنىدا ئادەم ئولتۇراقلاشقۇدەك يەر قالمايدۇ، ئىسلام مەملىكىتىگە تەۋە زېمىن قالمايدۇ» دېسە؛ يەنە بەزىلەر: «شام ۋە شام ئەھلىنى تۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار (موڭغۇللار) مىسىرغا بېرىپ مىسىرنى ئىگەللەيدۇ، ئۇ يەردىمۇ دۈشمەنلەر ئالدىدا ھېچبىر كىشى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ» دەپ گۇمان قىلىشاتتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە: «يەمەنگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رايونلارغا قېچىپ كېتىش كېرەكلىكىنى» سۆزلەيتتى؛ يەنە بىر قىسىملىرى ياخشى گۇمان قىلىشىپ: «ھۇلاكۇ 57- يىلى دەمەشقنى ئىگىلىۋالغان، ئاندىن مىسىر قوشۇنلىرى شۇ يىلى دەمەشقنى ھۇلاكۇدىن قايتۇرۇپ ئالغاندەك، بۇ يىلىمۇ دۈشمەنلەر (موڭغۇللار) دەمەشقنى ئىگىلىۋالىدۇ ۋە مىسىر قوشۇنلىرى دەمەشقنى قايتىدىن قۇتقۇزىدۇ» دەپ گۇمان قىلىشاتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىنىڭ گۇمانى ئىدى. يەنە بەزىسى: «پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى نەقىل قىلغان كىشىلەر ۋە خۇش بېشارەت بەرگۈچىلەر يالغان ئارزۇلارنى، بىھۇدە خۇراپاتلارنى خەۋەر قىلغان ئىكەن» دەپ يامان گۇمان قىلىشتى. مانا مۇشۇنداق يامان گۇمان قىلىش نەتىجىسىدە قورقۇنچ شۇ كىشىنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالدى، گۇمان ئۇنىڭ يۈرەكلىرىدىن بۇلۇت ئۆتكەندەك ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ چۈشەنگۈدەك

ئەقلى، سۆزلىگۈدەك تىلى يوق ئىدى. يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەقىقەتنىڭ ئالامەتلىرى (رىبئاللىققا) قارمۇ- قارشى كەلگەن، غايىلەر قارشىلىشىپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ، بېشارەت بەرگۈچىلەر ئىچىدىكى راستچىللار بىلەن يالغانچىلارنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان، خاتا سۆز بىلەن توغرا سۆزنى ئايرىيالمايدىغان كىشى بولۇپ قالسا تېخىمۇ شۇنداق بولاتتى. ھەدىس تېكىستلىرىنى ئالىملار چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيدىغان كىشى بولۇپ قالسا مۇشۇنداق يامان گۇمان قىلىشاتتى. بۇنداق يامان گۇمان قىلىشىدىكى سەۋەب بولسا، ئۇ كىشى ھەدىس تېكىستلىرىنى ئۆتۈپ كېتىشۋېتىپ ئاڭلاپ قالغان بولۇپ، ھەقىقىي مەنىلىرىنى بىلمەيتتى. بەزىدە بۇ ھەدىس تېكىستلىرىنىڭ دالالەت قىلىش يوللىرى يوشۇرۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق كىشى مەنىلىرىنى چۈشەنمەيتتى ۋە نەقىل قىلىنغان بىرەر ھەدىس ئۇ كىشىنىڭ خىيالىغا قارشى كېلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ خىيالى ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «ھىدايەت تاپقان» دەپ قارالغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ گاڭگىراپ قالغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُنَالِكَ ابْتُلِيَ الْمُؤْمِنُونَ وَزُلْزِلُوا زِلْزَالًا شَدِيدًا﴾ «بۇ يەردە مۇئمىنلەر سىنالغان ۋە (بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن گويا ئۇلارنى يەر سىلكىنگەندەك) قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى»[1]. الله تائالا ساھابىلەرنى خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان قىيىنچىلىقلار بىلەن ئىمتىھان قىلدى ۋە ئۇلار

---

[1] سۈرە ئەھزاب 11- ئايەت.

ئۆزلىرىنى يوقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان قورقۇنچ بىلەن تەۋرىتىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ إِلَّا غُرُورًا﴾ «ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: <الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن> دېيىشەتتى»[1].

مۇناپىقلارغا كەلسەك، ئۇلارغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش يوقىرىدا بولۇپ ئۆتتى. شۇنداقلا، قەلبىدە كېسەل بار كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بۇ سۈرىدە تەكرار تىلغا ئېلىنىدى، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَئِنْ لَمْ يَنْتَهِ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ وَالْمُرْجِفُونَ فِي الْمَدِينَةِ لَنُغْرِيَنَّكَ بِهِمْ ثُمَّ لَا يُجَاوِرُونَكَ فِيهَا إِلَّا قَلِيلًا﴾ «ئەگەر مۇناپىقلار، (نىفاقتىن) دىللىرىدا كېسەل بارلار، مەدىنىدە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلار (قىلمىشلىرىدىن) يانمىسا، (ئى مۇھەممەد) ئەلۋەتتە بىز سېنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىمىز، ئاندىن ئۇلار مەدىنىدە لەنەتكە ئۇچرىغان ھالدا سەن بىلەن ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ (يەنى ئۇلار مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ، چىقىپ كېتىشكە تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن مەدىنىدە پەقەت ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايدۇ)»[2].

[1] سۈرە ئەھزاب 11 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب 60 ـ ئايەت.

ﷲ تائالا قەلب كېسەللىكىنى بىرقانچە ئورۇندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ غَرَّ هَؤُلَاءِ دِينُهُمْ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەلى (يەنى شەك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى»[①]. قەلب كېسەللىكى جەسەت كېسەللىكىگە ئوخشاشتۇر، جەسەتتىكى كېسەل ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويمىغان تەقدىردىمۇ ساق ۋە نورمال ھالەتتىن ئۆزگەرتىۋەتكەندەك، بەزىدە قەلبتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر كېسەللىك بولىدۇ، شۇ كېسەل بىلەن قەلب ئۆلۈپ قالمىسىمۇ لېكىن نورمال ھالىتىنى يوقىتىدۇ. قەلبتىكى كېسەلنىڭ قەلبنىڭ (ھەق ـ ناھەقنى) ئايرىشىنى، بىر نەرسىنى بايقىشىنى ياكى قەلبنىڭ ئەمەل ۋە ھەرىكەتلىرىنى بۇزۇۋېتىشى ئىمان ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىماننىڭ ئاجىز بولۇشى ـــ قەلبتىكى ئىلىم ۋە ئېتىقادنىڭ ياكى قەلبتىكى ئەمەل ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ئاجىز بولۇشى سەۋەبلىك بولىدۇ. تەستىقلىشى ئاجىز كىلىپ قورقۇنچاقلىقى غالىب كەلگەن كىشىلەرمۇ ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ چۈنكى ھارام شەھۋەت، ھەسەت، قورقۇنچاقلىق، بېخىللىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى قەلب كېسەللىكلىرىدۇر.

---

① سۈرە ئەنفال 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇنىڭدەك بىلىمسىزلىك، شەك ۋە شۈبھىلەرمۇ قەلب كېسەللىكلىرىدىندۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ﴾ «(نازاكەت بىلەن سۆز قىلساڭلار) دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ»[①]. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان قەلب كېسەللىكى بولسا پاسىقلىق، زىنا ۋە شەھۋەت كېسىلىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە: «وأي داء أدوأ من البخل؟» «بېخىللىقتىنمۇ ئېغىرراق قايسى كېسەل بار؟» دېگەن.[②] الله تائالا ئۆز كىتابىنى قەلب كېسىلىنىڭ شىپاسى قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «إنما شفاء العِيِّ السؤالُ» «بىلمەسلىك كېسىلىنىڭ شىپاسى پەقەتلا سوراشتۇر».[③] پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ دۇئالىرىدا مۇنداق دەيتتى: «اللهم إني أعوذ بك من منكرات الأخلاق والأهواء والأدواء» «ئى الله ! مەن يامان ئەخلاق، يامان خىيال، ۋە يامان كېسەللەردىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن».[④] قەلبىدە كېسەل بار كىشىلا الله نى قويۇپ باشقىسىدىن قورقىدۇ، بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە ئۆزىنىڭ بەزى ۋالىيلاردىن قورقىدىغانلىقىنى شىكايەت قىلغاندا، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇ كىشىگە: ‹ئەگەر قەلبىڭ ساق بولغان بولسا ھېچبىر

---

[①] سۈرە ئەھزاب 32- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] تەبەرانى ۋە ھاكىم توپلىغان.

[③] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[④] تىرمىزى توپلىغان، ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن.

كىشىدىن قورقمىغان بولاتتىڭ، قورقۇشۇڭ قەلبىڭ ساغلام بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى> دېگەن».[1]

شۇڭلاشقا، الله تائالا ئۆز بەندىلىرىگە شەيتانىنىڭ گۇرۇھلىرىدىن قورقماسلىقنى بەلكى پەقەت الله تائالادىنلا قورقۇشنى ۋاجىب قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا ذَٰلِكُمُ الشَّيْطَانُ يُخَوِّفُ أَوْلِيَاءَهُ فَلَا تَخَافُوهُمْ وَخَافُونِ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «ئەنە شۇ شەيتان ئۆز دوستلىرىنى (يەنى كۇففارلارنى) قورقىتىدۇ. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار»[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ﴾ «مەندىنلا قورقۇڭلار»[3]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَخْشَوُا النَّاسَ وَاخْشَوْنِ﴾ «(ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار»[4]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَيْكُمْ حُجَّةٌ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِي﴾ «پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلارلا (قىبلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى سىلەرگە قارشى دەلىل قىلىۋالىدۇ)، ئۇلار (يەنى زالىملار) دىن قورقماڭلار، (مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇش بىلەن) مەندىن قورقۇڭلار»[5]. الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْيَوْمَ يَئِسَ

---

[1] «مجموع الفتاوى» 28- توم 449- بەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 175- ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە مائىدە 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] سۈرە بەقەرە 150- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ دِينِكُمْ فَلَا تَخْشَوْهُمْ وَاخْشَوْنِ﴾ «كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَاجِدَ اللَّهِ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا اللَّهَ﴾ «الله نىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن، زاكات بەرگەن، الله تىن باشقىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ (يەنى مەسجىدنى رېمونت قىلىش، سەرەمجانلاشتۇرۇش، تازىلاش، مەسجىدتە داۋاملىق ناماز ئۆتەش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ»[2]. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ﴾ «ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) الله نىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، الله تىن قورقىدۇ، الله تىن باشقا ھېچ كىشىدىن قورقمايدۇ (ئى مۇھەممەد! سەنمۇ الله تىن غەيرىيدىن قورقماسلىقتا شۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكىن)»[3]. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا تُقَاتِلُونَ قَوْمًا نَكَثُوا أَيْمَانَهُمْ وَهَمُّوا بِإِخْرَاجِ الرَّسُولِ وَهُمْ بَدَءُوكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللَّهُ أَحَقُّ أَنْ تَخْشَوْهُ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە) دىن ھەيدەپ

---

[1] سۈرە مائىدە 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئەھزاب 39- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچمايسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر»[1].

الله تائالانىڭ: ﴿إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەلى (يەنى شەك) بارلار»[2] دېگەن سۆزى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، قەلبتىكى كېسەل ۋە نىفاق ئىنساننى قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلىدىغان راستچىل خەۋەرلەرگە قارىتا شەك-شۇبھە پەيدا قىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ ھادىسىمىزدە يۈز بەرگىنىگە ئوخشاشلا ئەھزاب غازىتىدىمۇ كىشىلەر ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەدىلەرنى «ئالدامچىلىق» دەپ ئويلاپ قېلىشقان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَتْ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ يَا أَهْلَ يَثْرِبَ لَا مُقَامَ لَكُمْ فَارْجِعُوا﴾ «ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: <ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار!> دېيىشەتتى»[3]. پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانلارنى سەلئىي تېغىنىڭ يېنىغا توپلاپ، دۈشمەن بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىغا خەندەك كولىغان ئىدى. دۈشمەن سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر: «سىلەرنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىڭلارنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، مەدىنىگە قايتىپ كېتىڭلار!» دېگەن ئىدى؛ بەزى كىشىلەر: «سىلەرنىڭ

[1] سۈرە تەۋبە 13- ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال 49- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇھەممەدنىڭ دىنىدا تۇرغىنىڭلارنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، مۇشرىكلىك ھالىتىڭلاردىكى دىنىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار!» دېگەن ئىدى؛ يەنە بەزى كىشىلەر: «سىلەرنىڭ جەڭ قىلىشقا قۇۋۋىتىڭلار يوق، قايتىپ ئۆلاردىن ئەمىنلىك ۋە پاناھلىق سوراڭلار!» دېگەن ئىدى.

موگغۇللاردىن ئىبارەت بۇ دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەندە ھەم ئەھزاب غازىتىدىكىگە ئوخشاش ئىش يۈز بەرگەن ئىدى. مۇناپىقلارنىڭ بەزىسى: «ئىسلامىي دۆلەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا، موگغۇللارنىڭ دۆلىتىگە قوشۇلۇپ كېتىش كېرەك» دېگەن ئىدى؛ يەنە بەزىسى: «شام زېمىنىدا ئولتۇراقلاشقۇدەك يەر قالمايدۇ، شۇڭا بىز شامدىن ھىجازغا ياكى يەمەنگە ۋە ياكى مىسىرغا كۆچۈشىمىز كېرەك» دېگەن؛ يەنە بەزىسى بولسا: «بىزگە مەنپەئەتلىك بولغىنى — ئىراق ئەھلى تەسلىم بولۇپ موگغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتكەندەك، بىزمۇ ھەم موگغۇللارغا تەسلىم بولۇشىمىز كېرەك» دېگەن ئىدى. مانا بۇ ئۈچ خىل سۆز خۇددى ئەھزاب غازىتىدا دېيىلگىنىگە ئوخشاشلا تەكرارلانغان ئىدى. شۇنىڭدەك، بىر قىسىم مۇناپىق ۋە قەلبىدە كېسەل بار كىشىلەر پۈتۈن شام ئەھلىگە، خۇسۇسەن دەمەشىق ئەھلىگە: «سىلەرگە بۇ زېمىندا تۇرغۇدەك ئورۇن يوق» دېگەن ئىدى. «زېمىندا تۇرغۇدەك ئورۇن يوق» دېيىش ئارقىلىق «زېمىندا تۇرۇش يوق» ئىكەنلىكىنى مۇبالىغە قىلىشقانىدى. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْتَأْذِنُ فَرِيقٌ مِنْهُمُ النَّبِيَّ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ

﴿وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا﴾ «ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم <بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا> دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى، بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ»[1]. پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سەلئىي تېغىنىڭ يېنىدىكى خەندەكتە، ئايال باللار مەدىنىدىكى قورغانلاردا تۇرۇۋاتسا، بۇ سۆكۈلگەنلەرنىڭ قاتارىدىن بىر قىسىم كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆيلىرىمىز ئوچۇقچىلىقتا (يەنى ئۆيلىرىمىز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىنى توسۇپ تۇرغۇدەك ھېچنەرسە يوق) دېگەن ئىدى. قەتادە (رەھىمەھۇللاھ) ئۇلار ھەققىدە: «ئۇلار ئۆيلىرىمىز دۈشمەنگە يېقىن، شۇ سەۋەبتىن ئايال باللىرىمىزدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمىز، ئائىلىمىزگە قايتىپ ئايال باللىرىمىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن بىزگە رۇخسەت قىلساڭ!» دېگەن ئىدى دەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ﴾ «بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس»[2] چۈنكى الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى قوغداۋاتقان ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَارًا﴾ «ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ»[3]. ئۇلار ئائىلىسىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ جىھادتىن قېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

[1] سۈرە ئەھزاب 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ جەڭدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىمۇ ئەھزاب غازىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىللەتلىرى ئەينەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. كىشىلەر چېگرادىن قورغان، قەلئەلەرگە ۋە مىسىرغا ئوخشاش يىراق ئورۇنلارغا قاچقان ئىدى. كىشىلەر «بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئايال-بالىلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش، ئايال-بالىلىرىمىزنى بىزدىن باشقا كىشىلەر بىلەن بىرگە ئەۋەتەلمەيمىز» دېيىشەتتى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ سۆزلىرىدە يالغانچى ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئايال-بالىلىرىنى ئەۋەتىۋېتىپ مۇقىم تۇرۇپ جىھاد قىلىش مۇمكىن بولغاندەك، دۈشمەن يېقىنلىشىپ قالغاندا بۇ كىشىلەرگىمۇ ئايال-بالىلىرىنى دەمەشىقنىڭ قورغانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش مۇمكىن ئىدى. ئۇنداقتا ئايال-بالىلىرىنى ئەۋەتىۋېتىپ بولغاندىن كېيىن قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ دُخِلَتْ عَلَيْهِمْ مِنْ أَقْطَارِهَا ثُمَّ سُئِلُوا الْفِتْنَةَ لَآتَوْهَا وَمَا تَلَبَّثُوا بِهَا إِلَّا يَسِيرًا﴾ «ئەگەر شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن قايتىش، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار بۇ تەلەپنى ئۇزۇلۇكسىز رەۋىشتە ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قوبۇل قىلاتتى»[①] . الله تائالا ئۇلارنىڭ ئەگەر بىرلەشمە قوشۇنلار مەدىنىنىڭ ئەتراپلىرىدىن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئاندىن ئۇلاردىن كۇپرى ياكى مۇناپىق بولۇش بىلەن

① سۈرە ئەھزاب 14- ئايەت.

بىرگە دىنىدىن يۈز ئۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈشنى قوبۇل قىلىپ ئىككىلەنمەستىن كۇپرى ۋە نىفاققا كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئەمدى بۇ قەۋملەرنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئەگەر دۈشمەن (موڭغۇللار) ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ گۇناھكار ۋە مۇناپىق كىشىلەردىن ئىسلامدىن چىقىپ كېتىش ۋە ئۆزىنىڭ يولىغا قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ كىشىلەر ئەلۋەتتە شۇ دۈشمەنلەر بىلەن بىرگە بولغان بولاتتى. ئەنە شۇ ناھايىتى چوڭ پىتنىدۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆتكەن بىر يىلدا بىر قىسىم كىشىلەر نامازنى تەرك ئېتىش، ھاراق ئىچىش، سەلەفلەر ۋە مۇسۇلمانلار قوشۇنلىرىنى تىللاش، مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلارغا جاسۇسلۇق قىلىش، كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرى ۋە ئايال ـ بالىلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ياردەملىشىش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋېلىش ۋە ئازابلاش، كاپىرلارنىڭ دۆلىتىنى كۈچەيتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىش، پەرزلەرنى تەرك ئېتىش، ھارام ئىشلارنى قىلىشتەك دىن ۋە دۇنيالىقتا تۈرلۈك پىتنىلەرگە چۈشۈش بىلەن كاپىرلارغا ياردەم بەردى. قىلغان مانا بۇ ھارام ئىشلارنىڭ بەزىسى الله تائالا ھەققىدە بولغان بولسا، يەنە بەزىسى بەندىلەرنىڭ ھەققىدە بولغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كَانُوا عَاهَدُوا اللَّهَ مِنْ قَبْلُ لَا يُوَلُّونَ الْأَدْبَارَ وَكَانَ عَهْدُ اللَّهِ مَسْئُولًا﴾ «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى الله قا (جەڭدە) چېكىنمەسلىككە ۋەدە بەرگەن ئىدى. (ئۇلارنىڭ)

الله قا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ»①. مانا بۇ ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ۋاقىتلاردىكى جەڭ قىلىش ھەققىدە ئەھدە قىلىپ، كېيىن ئەھدىنى بۇزغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر. ئۆتكەن يىلى ۋە بۇ يىل ئىشنىڭ بېشىدا قاچماي جەڭ قىلىشقا ئەھدە قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر قاتتىقچىلىق ۋاقىتلاردا قېچىپ كەتكەن ئىدى.

ئارقىدىنلا، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَنْ يَنْفَعَكُمُ الْفِرَارُ إِنْ فَرَرْتُمْ مِنَ الْمَوْتِ أَوِ الْقَتْلِ وَإِذًا لَا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «ئېيتقىنكى، ‹ئەگەر سىلەر ئۆلۈمدىن يا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قاچساڭلار، قېچىشىڭىز سىلەرگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، قاچقاندىمۇ سىلەر (دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولالايسىلەر›»②. الله تائالا قېچىشنىڭ ئۆلۈمگە ياكى ئۆلتۈرۈلۈشكە پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۆلۈمدىن قېچىش يۇقۇملۇق كېسەلدىن قاچقانغا ئوخشاشتۇر، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إذا وقع بأرض وأنتم بها فلا تخرجوا فرارا منه» «سىلەر تۇرغان زېمىندا يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا بولسا، ئۇنىڭدىن قېچىپ شۇ زېمىندىن چىقىپ كەتمەڭلار»③ . ئۆلتۈرۈلۈشتىن قېچىش جىھادتىن قاچقانغا باراۋەر بولۇپ، ئۆلۈمدىن ياكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قېچىشتا ھېچبىر پايدا-مەنپەئەت يوق، بۇ الله تائالانىڭ ھەق سۆزىدۇر. قانداق بىر كىشى «ئۆلۈم ياكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قېچىش

① سۈرە ئەھزاب 15- ئايەت.

② سۈرە ئەھزاب 16- ئايەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشى الله تائالانىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ئەمەلىي ۋەقەلىك شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، مۇشۇ يىلدا قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بۇ قېچىشى ئۇلارغا مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىدى، بەلكى ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىقتا زىيان تارتتى ھەمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىدى. مۇستەھكەم تۇرۇپ رىباتتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىقىغا مەنپەئەت ئېلىپ كەلدى. ھەتتاكى، قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆلۈم مۇستەھكەم تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلۈمدىن كۆپ بولدى. قاچقانلىق الله ئۆلۈشنى تەقدىر قىلغان كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن توسۇپ قالالمىغان، دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە قىساس ئېلىش ئۈچۈن چىققان كىشىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۆلمىگەن ياكى ئۆلتۈرۈلمىگەن، قاچقانلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شەھەردە قېلىپ قالغان كىشىلەردىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولغان ئىدى. الله تائالانىڭ ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى قانۇنىيىتى مانا شۇنداقتۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذًا لَا تُمَتَّعُونَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ «قاچقاندىمۇ سىلەر (دۇنيادىن) ئازغىنا (ۋاقىت) بەھرىمەن بولالايسىلەر»[1]. الله تائالا ئەگەر ئۆلۈمدىن قېچىش سىلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغان بولسا سىلەر ھاياتتىن ئازغىنا پايدا ئالغان، ئاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىڭلار دەيدۇ چۈنكى ئۆلۈم ھامان

[1] سۈرە ئەھزاب 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كېلىدۇ، بۇنىڭغا ھېچبىر ئامال يوق. بەزى ئەخمەقلەرنىڭ: «بىز ئاشۇ ئازغىنە ھاياتلىقنى مەقسەت قىلىمىز» دېگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ ـــ ئايەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمىگەنلىكتىن بولغان چۈنكى الله تائالا قېچىشنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولدى دېمىدى بەلكى قېچىشنىڭ ھەرگىز پايدىسى يوقلۇقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئىككىنچى جاۋابنى بايان قىلىپ، ئەگەر قېچىشنىڭ پايدىسى بولىدىغان بولسا ئازغىنا پايدىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى جاۋابنى تىلغا ئېلىپ، قاچقان كىشىگە تەقدىر قىلىنغان زىيان ۋە مۇستەھكەم تۇرغان كىشىگە تەقدىر قىلىنغان ئاسانچىلىقنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ ذَا الَّذِي يَعْصِمُكُمْ مِنَ اللَّهِ إِنْ أَرَادَ بِكُمْ سُوءًا أَوْ أَرَادَ بِكُمْ رَحْمَةً وَلَا يَجِدُونَ لَهُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلَا نَصِيرًا﴾ «ئېيتقىنكى: «<ئەگەر الله سىلەرگە بىرەر يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، كىم الله قا قارشى تۇرۇپ سىلەرنى قوغدىيالايدۇ، ئەگەر الله سىلەرگە رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا (كىم ئۇنىڭغا ئارىلىشالايدۇ؟)> ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن الله تىن باشقا ھېچ ئىگە ۋە ھېچ ياردەمچى تاپالمايدۇ»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِكْكُمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنْتُمْ فِي بُرُوجٍ مُشَيَّدَةٍ﴾ «قەيەردە بولماڭلار، (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ»[2]. يەنە

[1] سۈرە ئەھزاب 17 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر ئايەتتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ كَفَرُوا وَقَالُوا لِإِخْوَانِهِمْ إِذَا ضَرَبُوا فِي الْأَرْضِ أَوْ كَانُوا غُزًّى لَوْ كَانُوا عِنْدَنَا مَا مَاتُوا وَمَا قُتِلُوا لِيَجْعَلَ اللَّهُ ذَلِكَ حَسْرَةً فِي قُلُوبِهِمْ وَاللَّهُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سەپەرگە چىققان ياكى غازاتقا چىققان قېرىنداشلىرى ھەققىدە، ئۇلار يېنىمىزدا بولغاندا ئۆلمەيتتى ۋە ئۆلتۈرۈلمەيتتى، دېگەن كاپىرلارغا ئوخشاش بولماڭلار، الله بۇنى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا ھەسرەت قىلسۇن. الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ (ئۇلارنىڭ غازاتقا چىقماسلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ). الله قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[①].

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆلۈش مۇقەررەردۇر. نۇرغۇن كىشىلەر جەڭلەرگە قاتنىشىپ سالامەت قالىدۇ-يۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭدىن قېچىپ شۇ ئۆلۈمگە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تېپىش ئالدىدا مۇنداق دېگەن: «قەسەمكى، مەن شۇنداق شۇنداق جەڭلەرگە قاتناشقان ئىدىم، شەك-شۈبھىسىز، بەدىنىمدە قىلىچ ئۇرۇلغان، نەيزە سانجىلغان، ئوق تەگكەن 80 نەچچە ئورۇن بار، مانا مەن ھازىر خۇددى تۆگە ئۆلگەندەك كۆرپەم ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلمىسۇن»[②].

[①] سۈرە ئال ئىمران 156- ئايەت.

[②] «سير أعلام النبلاء» 1-توم 382- بەت

ئاندىن كېيىن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ يَعْلَمُ اللَّهُ الْمُعَوِّقِينَ مِنْكُمْ وَالْقَائِلِينَ لِإِخْوَانِهِمْ هَلُمَّ إِلَيْنَا﴾ «الله ئىچىڭلاردىكى باشقىلارنى (جىھادتىن) توسقۇچىلارنى ۋە قېرىنداشلىرىغا (مۇھەممەدنى ۋە ساھابىلىرىنى تەرك ئېتىپ) بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار دېگۈچىلەرنى ئوبدان بىلىدۇ»[1]. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «بەزى مۇناپىقلار خەندەكتىن چىقىپ مەدىنىگە كىرىۋالغان ئىدى، ئەگەر ئۇلارنىڭ قېشىغا بىرەر كىشى كەلسە ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۇ كىشىگە: <بۇ يەردە تۇر! (يەنى مەدىنىدىن چىقما)> دەيتتى، ئۇلار خەندەكتە تۇرۇۋاتقان قېرىنداشلىرىغىمۇ شۇنداق مەزمۇندا خەت يېزىپ <بىزنىڭ قېشىمىزغا (يەنى مەدىنىگە كېلىڭلار)> دېيىش ئارقىلىق قېرىنداشلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئىرادىسىنى سۇندۇراتتى. ئۇلار پەقەت ئامال تاپالمىغان ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىرىنى مۇسۇلمانلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا خەندەكتىكىلەرنىڭ (مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ) يېنىغا باراتتى، مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن بىخۇد قالغاندا مەدىنىگە قايتىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن قايتىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى يېنىدا كاۋاپ، شەربەت بار ھالەتتە ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى ئۇچرىتىپ قالسا، قېرىندىشى ئۇنىڭغا: «<پەيغەمبەر ﷺ نەيزە، قىلىچلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسا سەن بۇ يەردە ئولتۇرامسەن؟> دەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى

[1] سۈرە ئەھزاب 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇناپىق <يېنىمغا كېلىۋالغىن! سەن ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ قورشاۋدا قېلىپ بولدى> دەيتتى».

الله تائالا جىھادتىن توسقۇچىلارنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ سۈپەتلىدى. جىھادتىن توسقۇچىلار جەڭ بولۇۋاتقان شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولاتتى. ئەگەر جەڭ بولۇۋاتقان شۇ شەھەردە بولسا، كىشىلەرنى سۆز ياكى ئەمەللىرى ئارقىلىق جىھادتىن توسۇپ قالاتتى؛ ئەگەر سىرتىدا بولسا، كىشىلەرنىڭ جەڭ بولۇۋاتقان شەھەردىن چىقىپ مۇناپىقلار بىلەن بىرگە جەڭ مەيدانلىرىغا يىراق بولغان قورغانلارغا كىرىۋېلىشى ئۈچۈن مەكتۇپ ئەۋەتەتتى.

مانا بۇ جەڭدىمۇ شۇنداق بولدى، ئەسكەرلەر ۋە شەھەر خەلقىنىڭ ئىچىدە بىر بۆلۈك كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار غازاتقا چىقماقچى بولغان كىشىلەرنى توسۇپ قالدى ۋە «بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىڭلار» دېيىش ئۈچۈن مۇناپىقلار تۇرۇۋاتقان قورغان ـ سېپىللاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئەۋەتتى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَأْتُونَ الْبَأْسَ إِلَّا قَلِيلًا۝ أَشِحَّةً عَلَيْكُمْ﴾ «ئۇلار جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتنىشىدۇ [18]. ئۇلار سىلەرگە (ياردەمدە بولۇشقا) بېخىلدۇر»① .يەنى ئۇلار سىلەر بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلىشقا ۋە الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا ناھايىتى بېخىللىق قىلىدۇ. مۇجاھىد بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سىلەرنىڭ ياخشىلىققا ئېرىشىشىڭلار، غەلىبە قىلىشىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ئېرىشىشىڭلارغا ناھايىتى بېخىلدۇر». مانا بۇ ـــ

---

① سۈرە ئەھزاب 18 ـ، 19 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىشتە ئۆز نەپسى ۋە ماللىرىغا بېخىللىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ھالىتىدۇر. چۈنكى، بىر قىسىم كىشىلەر مۇسۇلمانلار ئېرىشكەن ياخشىلىق ۋە ﷲ تائالانىڭ پەزلى ـ رەھمىتىگە بېخىللىق قىلىپ ھەسەت قىلىشاتتى.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا جَاءَ الْخَوْفُ رَأَيْتَهُمْ يَنْظُرُونَ إِلَيْكَ تَدُورُ أَعْيُنُهُمْ كَالَّذِي يُغْشَى عَلَيْهِ مِنَ الْمَوْتِ﴾ «ئەگەر (ئۇلارغا دۈشمەن تەرەپتىن) خەۋپ كېلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ساڭا سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك (قورقۇنچتىن) كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن»[①]. ئۇلار قەلبلىرىدىكى قورقۇنچىنىڭ قاتتىقلىقىدىن خۇددى سەكراتتىكى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان كىشىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. چۈنكى، سەكراتتىكى كىشى قورقۇپ ئەس ـ ھوشىنى ۋە ئەقلىنى يوقىتىدۇ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ كىشىلەر ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن سەكراتتىكى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان كىشىگە ئوخشاپ قېلىشقان ئىدى. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا ذَهَبَ الْخَوْفُ سَلَقُوكُمْ بِأَلْسِنَةٍ حِدَادٍ أَشِحَّةً عَلَى الْخَيْرِ﴾ «قورقۇنچ كەتكەندە، ئۇلار پۇل ـ مالغا ئاچكۆز بولغان ھالدا سىلەرنى كەسكىن تىللار بىلەن رەنجىتىدۇ»[②]. ئۆتكۈر تىللار بىلەن ئەيىبلەش بىرقانچە يوللار ئارقىلىق بولىدۇ. بەزىدە، مۇناپىقلار مۇئمىنلەرگە: «بىزگە كەلگەن بۇ قىيىنچىلىقلار سىلەرنىڭ

① سۈرە ئەھزاب 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئەھزاب 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شۇملۇقۇڭلار سەۋەبىدىن بولدى چۈنكى سىلەر كىشىلەرنى بۇ دىنغا چاقىردىڭلار، بۇ دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭلار ۋە كىشىلەر بىلەن قارشىلاشتىڭلار» دەيتتى. مانا بۇ ـــ مۇناپىقلارنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان سۆزلىرى ئىدى؛ بەزىدە مۇئمىنلەرگە: «سىلەر بىزگە مۇشۇ ئورۇندا ۋە رىباتتا مۇشۇ ۋاقىتقىچە مۇستەھكەم تۇرۇشقا مەسلىھەت بەردىڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان بولساڭلار ئاللىبۇرۇن كەتكەن بولاتتۇق ۋە بىزگە بۇ مۇسىبەت يەتمىگەن بولاتتى» دەيتتى؛ يەنە بەزىدە: «سىلەرنىڭ سانىڭلار ئاز ۋە كۈچۈڭلار ئاجىز تۇرۇپ <دۈشمەننى مەغلۇب قىلىمىز> دەپ ئويلاۋاتىسىلەر، سىلەرنى دىنىڭلار ئالداپ كەتتى» دەيتتى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ غَرَّ هَؤُلَاءِ دِينُهُمْ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەلى (يەنى شەك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى. كىمكى اللهقا يۆلىنىدىكەن (الله ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1]؛ يەنە بەزىدە: «سىلەر جىنايەتچىلەر، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلار يوق، ئۆزۈڭلارنى ۋە سىلەر بىلەن بىرگە بولغانلارنى ھالاك قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتىسىلەر» دەيتتى؛ يەنە بەزىدە، تۈرلۈك

[1] سۈرە ئەنفال 49ـ ئايەت.

ئەزىيەتلىك گەپ ـ سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق ھالەتتە تۇرۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئېرىشكەن غەنىيمەتكە ناھايىتى ھېرىسمەن ئىدى.

قەتادە ئۇلار (مۇناپىقلار) ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر غەنىيمەت تەقسىم قىلىش ۋاقتى كەلسە، ئۇلار تىلىلىرىنى قويۇپ بېرىپ ‹غەنىيمەتكە سىلەرلا ھەقلىق ئەمەس، بىزگىمۇ بېرىڭلار!› دەيتتى، ئەمما جەڭ ۋاقتىدا ئەڭ قورقۇنچاق بولۇپ، ھەق ئەھلىنى ياردەمسىز تاشلاپ قوياتتى. غەنىيمەت توپلانغانغاندا بولسا مال ـ مۈلۈككە ئەڭ ھېرىسمەن كىشىلەر ئىدى».

بەزىلەر: «‹أشحة على الخير›ـــ ياخشىلىققا ناھايىتى بېخىللىق قىلىدۇ دېگەنلىكتۇر. يەنى، ئۇلار جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن مەنپەئەت بەرمەيدۇ، ‹أشح› دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىسى مالغا ھېرىسمەن بولۇشتا چەكتىن ئېشىپ كېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن بېخىللىق، زۇلۇم، ھەقتىن چەكلەش ۋە باتىلغا ئېسىلىش كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إياكم والشح، فإن الشح أهلك من كان قبلكم، أمرهم بالبخل، فبخلوا وأمرهم بالظلم فظلموا وأمرهم بالقطيعة ، فقطعوا» «ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى ئۇ ئىلگىرىكى كىشىلەرنى ھالاك قىلغان ئىدى. ئاچكۆزلۈك ئۇلارنى بېخىللىق قىلىشقا بۇيرۇيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېخىللىق قىلىشاتتى؛ ئۇلارنى زۇلۇم قىلىشقا بۇيرۇيتتى، ئۇلار زۇلۇم قىلىشاتتى؛ ئۇلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈشكە بۇيرۇيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى

ئۇرۇشەتتى».[1] بۇلار قېرىنداشلىرىغا مال چىقىم قىلىشقا ناھايىتى بېخىل بولۇپ، مال چىقىم قىلمايدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّهُ لِحُبِّ الْخَيْرِ لَشَدِيدٌ﴾ «ئىنسان پۇل ـ مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر»[2].

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحْسَبُونَ الْأَحْزَابَ لَمْ يَذْهَبُوا وَإِنْ يَأْتِ الْأَحْزَابُ يَوَدُّوا لَوْ أَنَّهُمْ بَادُونَ فِي الْأَعْرَابِ يَسْأَلُونَ عَنْ أَنْبَائِكُمْ وَلَوْ كَانُوا فِيكُمْ مَا قَاتَلُوا إِلَّا قَلِيلًا﴾ «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (قاتتىق قورققانلىقتىن) ئىتتىپاقداش قوشۇننى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر ئىتتىپاقداش قوشۇن قايتا كەلسە، ئۇلار (قىردا) ئەئرابىلارنىڭ (يەنى قىر ئەرەبلىرىنىڭ) يېنىدا تۇرۇپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى ئۇققاچ (تىنچ يېتىشنى) ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلار (ئۇرۇش ۋاقتىدا) ئاراڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ، (قورققانلىقتىن) جەڭگە (رىيا قىلىپ) ئاندا ـ ساندا قاتناشقان بولاتتى»[3]. اللە تائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ھالەت بىلەن سۈپەتلىدى: بىرىنچى سۈپەت، ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن «بىرلەشمە قوشۇنلار شەھەردىن قايتىپ كەتمىدى» دەپ ئويلاپ قالغان، مانا بۇ قەلبىدە كېسەل بار قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر. چۈنكى، قورقۇنچاق كىشىنىڭ قەلبى قورقۇتقان كىشىنىڭ خەۋىرىنى تەستىقلاشقا، ئىشەنچلىك

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىغان.
[2] سۈرە ئادىيات 8 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەھزاب 20 ـ ئايەت.

كىشىنىڭ خەۋىرىنى يالغانغا چىقىرىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئىككىنچى سۈپەت، بىرلەشمە قوشۇنلار باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلىشتى بەلكى ئەئرابىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ «مەدىنىنىڭ خەۋەرلىرى قانداق بولغاندۇ؟»، «كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى قانداق بولغاندۇ؟» دەپ سىلەرنىڭ خەۋەرلىرىڭلارنى سوراپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدى؛ ئۈچىنچى سۈپەت، بىرلەشمە قوشۇنلار باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇلار سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولغان بولسا، ئازغىنە ئۇرۇش قىلغان بولاتتى. مانا بۇ ئۈچ خىل سۈپەت بۇ قېتىملىق غازاتتىكى (يەنى موڭغۇللار بىلەن بولغان جەڭدىكى) كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئىدى.

ئاندىن كېيىن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە، الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە، رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر»[1]. الله تائالا خۇددى پەيغەمبەر ﷺ ئىمتىھان قىلىنغاندەك مۇئمىنلەرنىڭمۇ دۈشمەن بىلەن ئىمتىھان قىلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدا پەيغەمبەر ﷺ دە ئەڭ ياخشى نەمۇنە بارلىقىنى، پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكەن مۇسىبەتنىڭ ئوخشىشى يەتكەنلىكى ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىش ۋە سەۋر قىلىشتا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشنىڭ لازىملىقىنى، كىشىلەرنىڭ بۇ ئىمتىھاننى خارلاش دەپ ئويلاپ

[1] سۈرە ئەھزاب 21ـ ئايەت.

قالماسلىقىنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى، ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئىمتىھان قىلىنىش ئۆچ كۆرۈش ۋە خارلاش بولغان بولسا ئىدى، مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان پەيغەمبەرﷺ دۈشمەنلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىنمىغان بولاتتى. دۈشمەنلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىنىش ئارقىلىق الله تائالانى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ھەمدە الله تائالانى كۆپ ئەسلىگەن كىشىلەر ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق الله تائالا ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. لېكىن، الله تائالانى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىنىشى ئۇلارغا نىسبەتەن كاپىر ۋە مۇناپىقلارغا ئوخشاشلا ئازاب بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَمَّا رَأَى الْمُؤْمِنُونَ الْأَحْزَابَ قَالُوا هَٰذَا مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَانًا وَتَسْلِيمًا﴾ «مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: <بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى> دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (الله قا بولغان) ئىمانىنى ۋە (الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى»[1]. ئالىملار مۇنداق دېگەن: [الله تائالا سۈرە بەقەرەدىكى: ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّىٰ يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَىٰ

[1] سۈرە ئەھزاب 22 ـ ئايەت.

نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ﴾ «سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۈلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۇئمىن) لەر ئېغىرچىلىقلارغا، كۈلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەر: ‹الله نىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ؟› دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى، الله نىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق «ئىمتىھان قىلىنمايلا جەننەتكە كىرىمىز» دەپ ئويلاپ قالغان كىشىلەرگە رەددىيە بىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر ئۇچرىغان يوقسۇللۇق، كېسەللىك، دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تەۋرىنىپ قېلىش قاتارلىق قىيىنچىلىقلار بىلەن ئىمتىھان قىلىنغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى]. مۇئمىنلەر خەندەك يىلى بىرلەشمە قوشۇنلار كەلگەندە بىرلەشمە قوشۇنلارنى كۆرۈپ، الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى دېيىشكەن ئىدى: ﴿هَذَا مَا وَعَدَنَا اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَصَدَقَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ﴾ «‹بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى› دېيىشتى»[2]. ئۇلار الله تائالانىڭ ئۆزلىرىنى دۈشمەنلەر ئارقىلىق تەۋرىتىپ ئىمتىھان قىلغانلىقىنى ۋە ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرگە كەلگەن قىيىنچىلىقنىڭ ئوخشىشى كەلگەنلىكىنى بىلگەن، شۇ سەۋەبتىن

---

[1] سۈرە بەقەرە 214 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھزاب 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە الله تائالانىڭ ھۆكمىگە تەسلىم بولۇشى زىيادە بولغان، مانا بۇ ــ خەندەك غازىتىدىكى بىر بۆلۈك مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا ۞ لِيَجْزِيَ اللَّهُ الصَّادِقِينَ بِصِدْقِهِمْ وَيُعَذِّبَ الْمُنَافِقِينَ إِنْ شَاءَ أَوْ يَتُوبَ عَلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر دادىللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) اللهقا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق [23]. الله راستچىللارغا راستچىللىقى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى) مۇكاپات بېرىدۇ، مۇناپىقلارنى (ئەھدىنى بۇزغۇچى مۇناپىقلارنى مۇناپىق پېتى بۇ دۇنيادىن كەتكۈزۈپ) ئەگەر خالىسا ئازابلايدۇ، يا ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [24]» [1].

الله تائالا بىرلەشمە قوشۇنلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق راستچىللارنى ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرغانلىق سەۋەبلىك مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا

[1] سۈرە ئەھزاب 23 ـ ، 24 ـ ئايەتلەر.

وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۆئمىنلەر اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[1].

اللە تائالا ئىماندىكى راستچىللىقنى جىھاد قىلغان مۆئمىنلەرگىلا چەكلەپ قويىدى ۋە ئۇلارنىڭ (مۆئمىنلەرنىڭ) «ئىمان كەلتۈردۇق» دەپ قويۇپ، قەلبىگە ئىمان كىرمىگەن ئەئرابىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بەلكى «ئىمان كەلتۈردۇق» دېگەن سۆزلىرىدە راستچىل كىشىلەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئەمما مۇناپىقلارغا كەلسەك، ئۇلار ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىگە دۇچ كېلەتتى. يەنى، اللە تائالا ئۇلارنى ئازابلايتتى ياكى تەۋبىسىنى قوبۇل قىلاتتى. مانا بۇ خەندەك غازىتى ۋە موگغۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئىدى. چۈنكى، اللە تائالا مۇستەھكەم تۇرۇپ، سەۋر قىلىپ، اللە ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ياردەم بەرگەن راستچىل كىشىلەرنى شۇ سادىقلىقى تۈپەيلىدىن مۇكاپاتلاش، شۇنداقلا مۇناپىقلارنى ئازابلاش ياكى خالىسا تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى بۇ پىتنە ئارقىلىق ئىمتىھان قىلدى. بىز اللە تائالادىن بۇ سۆكۈلگەن كىشىلەرنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشىنى سورايمىز چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇشايمان قىلغانلار بار ئىدى. اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچى، يامانلىقلىرىنى ئەپۇ

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت.

قىلغۇچى زاتتۇر. الله تائالا تەۋبىگە مەغرىب تەرەپتىن بىر ئىشىك ئاچقان بولۇپ، بۇ ئىشىكنىڭ كەڭلىكى 40 يىللىق مۇساپىدۇر، بۇ ئىشىك تاكى كۈن مەغرىبتىن چىقمىغۇچە تاقالمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ خەندەك غازىتىدا مۇنداق دېگەن: «الآن نغزوهم، ولا يغزونا» «ئەمدى بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىمىز، ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ».[1] شۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشلەر، غەتپانلار ۋە يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچالمىغان بەلكى مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىپ خەيبەرنى، ئاندىن كېيىن مەككىنى فەتىھ قىلغان.

شۇنىڭغا ئوخشاش، الله خالىسا بۇ موڭغۇل، تۈرك، پارس، ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەر، ناساراالار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىسلام شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتكەن تۈرلۈك كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە قوشۇنلارغا قارشى بىز ئۇرۇش ئاچىمىز، ئۇلار بىزگە قارشى ئۇرۇش ئاچالمايدۇ.

الله تائالا مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى قەلبىگە نىفاق ياكى كېسەل ئارىلىشىپ قالغان كىشىلەردىن ئۆز رەببى تەرەپكە قايتقان، ئىسلامغا ياخشى گۇمان قىلغان ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشقا مۇستەھكەم ئىرادە باغلىغان بەزى كىشىلەرگە ئەقىل ئىگىلىرىگە ئىبرەت بولىدىغان بەزى ئالامەتلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا تەۋبە ئاتا قىلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَدَّ اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ الْقِتَالَ وَكَانَ اللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزًا﴾ «الله كاپىرلار (يەنى

[1] ئەھمەد توپلىغان.

مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، الله (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ) مۇئمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۇردى، الله كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»①.

الله تائالا خەندەك غازىتى يىلى بىرلەشمە قوشۇنلارغا قاتتىق سوغۇق شامال ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قايتۇردى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرلىكى شۇنداق پارچىلاندىكى، ھېچبىر ياخشىلىققا ئېرىشەلمىدى چۈنكى ئۇلارنىڭ (بىرلەشمە قوشۇنلارنىڭ) مەقسىتى مەدىنىنى قولغا كىرگۈزۈش، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنى يوقىتىۋېتىش ئىدى. الله تائالا ئۇلارغا زور مىقداردا قار، قاتتىق سوغۇق، بورانلىق شامال، چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئاچلىق يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاچچىقى بىلەن قايتۇردى. بەزى كىشىلەر بۇ يىلدىكى زور مىقداردىكى قار-يامغۇرلارنى يامان كۆرۈپ، ھەتتا ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى بىرقانچە قېتىم تەلەپ قىلغان ئىدى. بىز كىشىلەرگە: «بۇنىڭدا الله تائالانىڭ چوڭ ياخشىلىقى، ھېكمىتى ۋە سىرى بار، يامان كۆرمەڭلار!» دېگەن ئىدۇق. بۇ قار-يامغۇردا الله تائالانىڭ ھېكمىتى بولغان ئىدى. بەزى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، قار-يامغۇرنىڭ كۆپ يېغىشى سەۋەبلىك قازان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا ئېغىر مۇسىبەت يېتىپ ئۇلارنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغان. الله تائالانىڭ بۇيرۇقى ۋە ھۆكمىگە سەۋر قىلغانلار بىلەن الله تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان ۋە دۈشمەنلەرگە جىھاد

---

① سۈرە ئەھزاب 25- ئايەت.

قىلىشتىن قاچقان كىشىلەر ئىبنىق ئايرىلىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇ ئىمتىھان ئارقىلىق سىنالغان. قازان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شام ۋە ھەلەب زېمىنلىرىدىن ھىجرىيە 5- ئاينىڭ 11- كۈنى دۈشەنبە كۆچۈشكە باشلىغان. قازاننىڭ ئەسكەرلىرى چېكىنگەندىن كېيىن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىلەن پادىشاھ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى بىر يەرگە جەم بولغان، الله تائالا بۇلارنىڭ قەلبلىرىگە جىھادقا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئاتا قىلغان.

الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىنى مۇستەھكەم قىلىپ، دۈشمەننى جازالاپ بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقاردى ۋە دىيارلار يىراق بولغان، ئەمەلىي جەڭ يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ خالىس نىيىتى ۋە راستچىل ھىممىتى سەۋەبلىك ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. جەڭ تارىخلىرىنى بايان قىلغان كىشىلەر بىرلەشمە قوشۇنلار كەلگەن يىلى الله تائالانىڭ قۇرەيش، غەتپان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنى تاشلىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندەك، الله تائالا بۇ موڭغۇللارنىڭ ئارىسىغىمۇ ئاداۋەت ۋە دۈشمەنلىكنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىۋەتكەن. الله تائالا قۇرەيش، غەتپان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت تاشلىغان ۋەقەلىكنىڭ يېرىمى خەندەك ۋەقەلىكى بولۇپ، بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ، شۇ ۋەقەلىكلەرنى ئوقۇغان كىشى سۆزىمىزنىڭ راستلىقىنى بىلىدۇ. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير، زۇھرى، مۇسا ئىبنى ئۇقبە، سەئىد ئىبنى يەھيا ئۇمەۋى، مۇھەممەد ئىبنى ئائىز، مۇھەممەد

ئىبنى ئىسھاق، ۋاقىدى ۋە ئۇلاردىن باشقا جەڭ تارىخلىرىنى خاتىرىلىگەن كىشىلەر شۇنداق نەقىل قىلغان.

ئاندىن كېيىن شامدا ئۇلارنىڭ (يەنى موڭغۇللارنىڭ) ئاز بىر قىسمى قېلىپ قالدى. دەمەشىق ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھاما، ھەلەب ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ روبىروسىدا مۇستەھكەم تۇرغان ئىدى. ئۇلار (موڭغۇللار) سان جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن كۆپ بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن ئاجىز ھالەتتە ئىدى. ئۇلار (موڭغۇللار) ھاماغا يېقىنلىشىۋىدى، الله تائالا ئۇلارنى خار قىلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئىلگىرىلىيەلمىدى. مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارغا قارشى ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلغان كىشىلەر بولسىمۇ باشقىلار قوشۇلمىدى. بۇ قېتىممۇ خەندەك غازىتىدا يۈز بەرگەندەك كىچىك توقۇنۇشلار يۈز بىرىپ تۇرغان ئىدى. خەندەك غازىتىدا ئەمرى ئىبنى ئابدۇۋۇد ۋە مۇشرىكلاردىن بىر قىسىم كىشىلەر خەندەككە بۆسۈپ كىرگەندە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خۇددى خەندەك غازىتىدىكىگە ئوخشاشلا، بەزى دۈشمەنلەر (يەنى موڭغۇللارنىڭ قالدۇقلىرى) مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاشقاندا مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مەغلۇب قىلغان ئىدى. مۇسۇلمانلارغا يېقىنلاشقان بۇ دۈشمەنلەرنىڭ سانى مۇسۇلمانلاردىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، بىراق ھەر قېتىمدا خار ھالەتتە مەغلۇب بولۇپ قايتقان. مۇسۇلمانلار موڭغۇللارنى ئارقىسىدىن قوغلاپ فۇرات دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ئاخىرقى قېتىم ئۇچراتقان، موڭغۇللار مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋال كەلگەنلىرىنى كۆرۈپلا قېچىپ كەتكەن،

مۇسۇلمانلار ئۇلارغا يېتىشىۋېلىپ بىر قىسىملىرىنى تالاپەتكە ئۇچراتقان. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ بەزىسى دەرياغا غەرق بولۇپ كەتكەن.

موڭغۇللارنىڭ فۇرات دەرياسىدىن ئۆتۈشى شام زېمىنلىرىدىن ئايرىلغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ ھىجرىيە 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. قازاننىڭ بىرىنچى قېتىم دەريادىن ئۆتۈش ۋاقتى بىلەن بۇ قېتىملىق شامدىن ئايرىلىش ۋاقتى ئارىلىقىدا تەۋرىنىشلەر ۋە كىچىك توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ قالدۇقلىرىغا ئۇرۇش قىلىشنى مەقسەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى بىزگە يەتكەن ۋاقىتتا، بىزمۇ موڭغۇللارغا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىرىنەچچە قېتىم ھاماغا بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدۇق. ھاماغا ئىلگىرى بارغان كىشىلەر بىلەن ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەر ۋە دەمەشقتىن كەلگەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ (موڭغۇللارنىڭ) روبىروسىدا مۇستەھكەم تۇردى، ئۇلار (يەنى مۇسۇلمانلار) دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى نىيەت قىلغان سەۋەبلىك كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتى،

تەقدىر قىلىنغان ئىش شۇ بولدىكى، جەڭ كەسكىن بولدى، مۇئمىنلەر الله تائالاغا بولغان راستچىللىقى سەۋەبلىك الله تائالا دۈشمەنلەرنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچنى تاشلىدى. موڭغۇللار قېچىپ كەتتى، قېچىپ ھەتتا شىمالدىكى «تيزين»، «فوعة»، «معرة مصرين»غا ئوخشاش ئۆتكەن يىلى قەدەم بېسىپ باقمىغان كىچىك شەھەرلەرگە بېرىۋالدى. بەزى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى الله تائالانىڭ ھۆكمىنى رەت قىلغان

كىشىلەر بولۇپ، موگغۇللارغا مايىللىقى بار ئىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بەزىسى موگغۇللارغا ئامانلىق بەرگەن لېكىن بۇ زالىملار ۋە زالىمغا ياردەم بەرگەن كىشىلەر شۇ دۈشمەن ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىنغان ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَذَٰلِكَ نُوَلِّي بَعْضَ الظَّالِمِينَ بَعْضًا بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ «شۇنىڭغا (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز»[①].

ئەھلى كىتاب ۋە ياۋروپالىقلاردىن بولغان كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن موگغۇللار بىلەن ھەمكارلاشقان ئىدى. بىز الله تائالادىن شۇ كاپىرلارنى ھاكىمىيەت ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىشنى ۋە قەلبلىرىگە قورقۇنۇچ تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز! ئۇ الله تائالا فەتھە قىلىپ بەرگەن زېمىنلار ئىدى، الله خالىسا، بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئىراق زېمىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زېمىنلارنى فەتھە قىلىمىز، ئۇ رايونلاردا الله نىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولۇپ، دىن غالىب بولىدۇ.

بۇ ۋەقەلەردە ئىنسانىنىڭ قىياس قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ، نورماللىقتىن ئۆتۈپ كەتكەن ناھايىتى چوڭ ھادىسىلەر يۈز بەرگەن ئىدى. ئىسلام يىقىلغىلى تاسلا قالغان، دۈشمەنلەر ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىۋاتقان، بۇ دىنغا ياردەم بەرگۈچىلەر ياردەمسىز قېلىۋاتقان، كىشىلەر كىملەرنىڭ قېشىغا بېرىشىنى ۋە قەيەردە تۇرۇشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشقان، ئىنسانىنىڭ

---

[①] سۈرە ئەنئام 129 ـ ئايەت.

تاقىتى دائىرىسىدىكى پۈتكۈل دۇنياۋى سەۋەبلەر تۈگىگەن، كۈچلۈك بىرلەشمە قوشۇنلار مۇسۇلمانلار تەرەپكە بېسىپ كېلىۋاتقان، مۇسۇلمانلار تەرەپتىكى ياردەمچى گۇرۇپپىلار قايتىپ كەتكەن، ئۆزئارا ياردەمچى بولىدىغان قەلبلەرمۇ بىر-بىرىنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشقاندىن كېيىن الله تائالانىڭ بۇ دىننى كۈچلەندۈرىدىغانلىقى، بۇ ئۈممەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە پۈتكۈل ئالەم ئۈچۈن بەرىكەتلىك قىلغان بۇ زېمىننى قوغدايدىغانلىقى ھەربىر ئەقىل ئىگىسىگە ئايدىڭ بولغان ئىدى. پاك قەلبلەر غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ الله تائالانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەن؛ الله تائالا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنلىرىغا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ، ھەق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى ئاشكارىلىغان: كىتابقا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر ھەقتىن چەتنەپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى (ھەق ئۈستىدە) مۇستەھكەم قىلغان؛ دىنىنىڭ بايرىقىنى ئۆز كۈچ-قۇدرىتى بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ، كۇفرى ۋە نىفاق ئەھلىنى خار قىلغان ئەنە شۇ كۈنلەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە مۇئمىنلەرگە ئۆرنەك قىلغان ئىدى.

الله تائالا ئىمان ئەھلىنىڭ قەلبلىرىنى تاغۇتلارغا قارشى جىھاد قىلىشتا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ نېئمەتنى مۇكەممەل قىلدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ مانا بۇ كاتتا ئېھسانىنى ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ھەق دەۋىتىنى تۇرغۇزۇشى ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاساسى قىلدۇ؛ مۇئمىنلەرنىڭ

قەلبلىرىگە دۈشمەنلىرىگە قارشى تەسەللى بېرىپ، يېقىن ۋە يىراقتىكى دۈشمەنلىرىگە قارشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ كىتابنىڭ بېشىنى قازان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھىجرىيە 700- يىلى 6- ئاينىڭ ئاخىرىدا مىسىردىن قايتقان ۋاقتىمدا يازغان ئىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىدىن <ھېچبىر كىشى قىلىپ قالمىدى> دەپ خەۋەر تارقاتقان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر قېلىپ قالغان بولۇپ، بىز ئۇلارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن ھامادىكى قېرىنداشلارنىڭ يېنىغا بېرىش ۋە ئەمىرلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتتۇق. بىزگە ئۇلارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنىڭمۇ قايتىپ كەتكەنلىك خەۋىرى كېلىۋېدى، كىتابنىڭ ئاخىرىنى شۇ يىلى 7- ئايدا يېزىپ تۈگەتتىم. ﷲ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

يەككە- يېگانە ﷲ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ- سانالار بولسۇن! ﷲ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلىسىگە، ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن ۋە قىيامەت كۈنىگىچە تىنچ- ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!